2021 ئىيۇن- ئىيۇل
ئومۇمىي 23-سان



# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش
1



جەففرى كېين
88



روزى نەزەر
23

ئومۇمىي 23-سان

2021 ئىيۇن - ئىيۇل

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە

## مىسلىسىز ئويغىنىش

خىزمەت ئۇنۇمى ۋە بەختلىك ھايات

خىتاي تەشۋىقاتىنىڭ بۈگۈنكى ئالاھىدىلىكى 32

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

خىتاي ئىقتىسادىنىڭ پات يېقىندا گۇمران بولىدىغانلىقىنىڭ ئون ئالامىتى 106

## گۈلىستان

ياقا يۇرتتا ئۆلۈش 95


جېفرىي كېين ۋە «مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى»

## تارىخ ۋە بىز

روزى نەزەر

**مۇقاۋىدىكى رەسىم doppalife.com دىن ئېلىنغان.**










## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ 78

ئىنتېل، ئامېرىكا ۋە ئۆزەك ئۇرۇشى 99

## ساغلاملىق

ئىنسان بەدىنىدىكى قالقان بەزنىڭ فۇنكسىيىسى 84

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

مانا بۇ مېنىڭ ئۇستازىم 72

شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمدىن قېچىش 59

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىغا ئومۇمىي نەزەر 46

خىتاي تەتقىقاتى



# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

# THE WAR ON THE UYGHURS

شان روبېرتس



Internal Campaign
a Muslim Minority

# بېغىشلىما

ئۆتكەن ئىككى يىلدا، خەلقئارا جەمئىيەت شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەبىت خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تىنىمسىز زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ بەك تونۇپ يەتتى. بۇ قەدىمىي مىللەت ۋەتىنىنى بېسىۋالغان غايەت زور خىتاي دۆلىتىنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە ھاقارەتلەندى. ئۇلار كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىپ، ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش»نى مەقسەت قىلغان جازا لاگېرلىرىدا كوللېكتىپ جازالاندى. بىر مىليوندىن ئۈچ مىليونغىچە بولغان ئۇيغۇرلار بۇ تەتۈر ئۇتوپىيەچە (dystopian) تۈرمىلەردە غايىب بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىدىكى «ئاشقۇنلۇق»نى يوقىتىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان «ئىختىيارىي» قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، رېئاللىق شۇكى، بۇ لاگېرلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە خاس ئېتنىك ـ كۈلتۈرەل كىملىكىنى يوقىتىش ۋە ئۇلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە خەرىتىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشنى مەقسەت قىلغان تېخىمۇ كەڭ ئىستراتېگىيەنىڭ بىر قىسمىدۇر.

مەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسلىسىدىكى ئالاھىدە تەكشۈرگۈچىسىلىك سۈپىتىم بىلەن، ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئوخشىمىغان دۆلەتلەر زوراۋان ئاشقۇنلۇقنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئاشقۇنلۇق چاقىرىقلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتىم. مەن ياۋروپادىن ئوتتۇرا شەرققە، شىۋېتسىيەدىن سەئۇدى ئەرەبىستانغىچە، (بۇ جەھەتتىكى) خىلمۇخىل پروگراممىلارنى تەكشۈردۈم. ئۇلارنىڭ (يەنى مەن تەكشۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ) ھېچقايسىسى بىر مىللەتكە قارىتا كوللېكتىپ ھۇجۇم قوزغىمىغان ياكى تامامەن بىگۇناھ كىشىلەرنى نوقۇل ھالدا مىللىي ياكى دىنىي تەۋەلىكى سەۋەبلىك كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلمىغان. ھەرقانداق نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار قانۇنلۇق «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئىستراتېگىيەسى ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ خىل كوللېكتىپ جازانىڭ ئۆزىلا كەڭ كۆلەملىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدۇر. پۈتكۈل جەمئىيەتنى چوڭقۇر پسىخىكىلىق ئىزتىراپقا دۇچار قىلغان ئىستراتېگىيەلەر ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئۇلار ھەمىشە كۈتكەنىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ئاشقۇن ئىدىئولوگىيەلەرگە يۈزلىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان نارازىلىق كەيپىياتىنى كۈچەيتىدۇ.

خىتاي كومپارتىيەسى كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش»نى باھانە قىلىپ يېپىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. لاگېرلارنىڭ ئىچىدە، مەزكۇر مۇئەسسەسەلەر تۇرمىگە تاشلانغانلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن كۆرسەتمىلەر بىلەن باشقۇرۇلىدۇ. بۇ تىپىك مېڭە يۇيۇش پروگراممىسىنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر. (بۇ يەردە) شەخسنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى پۈتۈنلەي تارتىۋېلىنىدۇ. قەيەردە ئولتۇرۇشتىن تارتىپ، قاچان گەپ قىلسا بولىدىغانلىقىچە بولغان كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر ئىنچىكە نۇقتىلىرى زەھەرخەندىلەرچە كۆزىتىلىدۇ. ھەر قانداق خىلاپلىق ئېغىر جازاغا ئۇچرايدۇ. مەھبۇسلارنىڭ ئۆز تىلىنى ئىشلىتىشى، دىنىي ئىبادەتلەرنى قىلىشى ياكى ھەر قانداق شەكىلدە كۇلتۇرەل كىملىكىنى نامايەن قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى تامامەن ئۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ، نەچچە ئاي ياكى نەچچە يىل تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن قويۇپ بېرىلىش «سالاھىيىتى»نى ھازىرلىيالايدۇ. ئۇلار (خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن) «قويۇپ بېرىلسە بولىدۇ» دەپ قارىلىدىغان ھەر قانداق پۇرسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي خىتايچە ئاڭنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا مۇستەقىل (ئۇيغۇرلۇق) كىملىكىنى چۆرۈپ تاشلىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك.

بۇ لاگېرلار ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىشقا سېلىنغان دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ بىر قىسمى، خالاس. (مەزكۇر لاگېرلاردىكى) قىيناش، غايىب قىلىۋېتىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە بەدەن ئەزالىرىنى ئېلىۋېلىش قىلمىشلىرى توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر مەۋجۇت. مەزكۇر كىتاب نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر قەبرىستانلىقلىرى ۋە باشقا كۇلتۇرەل مىراس خارابىلىرى ۋەيران قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا قۇرۇلۇشلار سېلىنىۋاتقانىدى (ھەتتا، چېقىۋېتىلگەن بەزى مەسچىتلەرنىڭ ئورنىغا ئاممىۋى ھاجەتخانىلار سېلىنغان، ت). بۇلار كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ، يەنى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي، كۇلتۇرەل ياكى دىنىي گۇرۇپپىنىڭ خاس كىملىكىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدۇر.

خىتاي ھازىرغا قەدەر خەلقئارانىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالالىدى. چۈنكى، خىتاي باشقا دۆلەتلەرنى كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنلىرىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ھەرقانداق خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق شەرتنامىلىرىگە ئەزا دۆلەت ئەمەس. ئەمما خىتاي دائىرىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئىكەنلىكىدە قەتئىي شەك يوق. ئۇلار (يەنى خىتاينىڭ قىلمىشلىرى) ئاددىي پۇقرالارغا قارىتىلغان كەڭ كۆلەملىك ۋە سىستېمىلىق ھۇجۇمدۇر، ئۇلار يەنە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى سادىر قىلغانلىقىنىڭ دەلىللىرى بولۇشى مۇمكىن. (بۇ جەھەتتە) خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىشى پەۋقۇلئاددە مۇھىم. ئاساسلىقى غەربتىكى دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان بىر تۈركۈم دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان زىيانكەشلىكنى يېقىندا ب د ت سەۋىيەسىدە ئەيىبلىدى. ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارىمۇ بۇ مەسىلىنى (ئامېرىكا

**ـ خىتاي ئارىسىدىكى) ئىككى تەرەپلىك ئۇچرىشىش سەۋىيەسىدە ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنداقلا، ئامېرىكا يەنە «ماگنىتسكىي قانۇنى» ئارقىلىق خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. ماگنىتسكىي قانۇنى بار باشقا دۆلەتلەرمۇ (ئەنگلىيەمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دەرھال ئامېرىكاغا ئوخشاش تەدبىر قوللىنىشى كېرەك.**

**شان روبېرتسىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئەسىرى بۇ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئۈچۈن مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ تارىخىنى بويلاپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆزى نۆۋەتتە سادىر قىلىۋاتقان ۋەھشىيلىكلەرنى ئاقلاش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىققان سەپسەتىلىرىنى پاش قىلىدىغان دەلىللەرنى ئوبيېكتىپ مۇھاكىمە قىلغان. بۇ كىتاب دۇنيا مىقياسىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ئۈچۈن چېلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولۇشى كېرەك. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يېقىنقى ئۆتمۈشى توغرىسىدىكى چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي تەھلىللەردىن، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى جانلىق تەسۋىرلەردىن ۋاقىپ بولغان ھەركىمنىڭ شۇ تاپتا (شەرقىي تۈركىستاندا) يۈز بېرىۋاتقان ئىنسانىي پاجىئەلەرنى تولۇق تونۇپ يېتەلمەسلىككە ھېچقانداق باھانىسى يوق. روبېرتس (شەرقىي تۈركىستاندىكى مىسلىسىز پاجىئەنىڭ) ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئاشكارىلاپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ يالغان باھانىلىرىنى پاش قىلىپ، (ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان) زىيانكەشلىكنىڭ رېئال قىياپىتىنى كۆز ئالدىمىزدا زاھىرلاندۇردى. ھېچقايسىمىز بۇنى كۆرمەسكە سالالمايمىز.**

— بېن ئېممىرسون (Ben Emmerson)

**ب د ت نىڭ تېرورلۇققا قارشى ئالاھىدە تەكشۈرگۈچىسى، ب د ت نىڭ رىۋاندا ۋە سابىق يۇگوسلاۋىيە مەسىلىرىدىكى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ سابىق سوتچىسى.**

# مۇقەددىمە

بۇ كىتابىم نەشرگە تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە يۇقۇملۇق خىتاي ۋىرۇسى (19 ـ COVID) دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ سەۋەبلىك كىتابىنىڭ نەشرىدىن چىقىشى كېچىكىپ كەتتى. بىراق، بۇ كېچىكىش مېنى دۇنياۋى كرىزىس يۈز بەرگەن ئۇشبۇ مەزگىلدە كىتابىنىڭ مەزمۇنىنى پىششىقلاپ ئىشلىشىم ۋە (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى ھادىسىلەرنى كىتابقا كىرگۈزۈشۈم ئۈچۈن مۇھىم پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. بۇ كىتابنىڭ — خىتاي تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنىڭ يەرلىك ۋە يەرشارى خاراكتېرلىك سىياسىي جەريانلارنىڭ كېسىشىش ئارقىلىق ئاسانلاشقانلىقىدەك — مۇھاكىمە نۇقتىسىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ تولىمۇ مۇھىم. گەرچە بۇ كىتابتا يەرشارى مىقياسىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ (GWOT) ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھېكايىسى بىلەن ئۆز ـ ئارا گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما، كىشى 19 ـ COVID يۇقۇملۇق ۋىرۇسىنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە مۇقەررەر رەۋىشتە تەسىر كۆرسىتىدىغان يەر شارىۋى سىياسىي جەريانلاردا ئوخشاش دەرىجىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى سۈپىتىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايدۇ.

ئەڭ ئاۋۋال شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، خىتاي ۋىرۇسى (19 ـ COVID) پەيدا قىلغان ئاممىۋى ساغلاملىق كرىزىسىنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى تېخى ئېنىق ئەمەس. 2019 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋۇخەندە كېسەللىك پەيدا بولغاندىن تارتىپ، 2020 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇ مۇقەددىمىنى يازغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتىدىن چىققان ئىشەنچلىك ئۇچۇرلار تولىمۇ ئاز بولدى. بۇنداق بولۇشىدا بىر قانچە سەۋەب بار. بىرىنچىدىن ، پۈتكۈل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بۇ مەزگىلدە كىرىپ چىقىش ئاساسىي جەھەتتىن تاقالدى، يىراق رايونلارغا ئائىت توغرا ئۇچۇرلار ئادەتتىكىدىنمۇ كەمچىل بولدى. ئىككىنچىدىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 2020 ـ يىلى ئەتىيازدا «نيۇ ـ يورك ۋاقىت گېزىتى»، «ۋال كوچىسى گېزىتى» ۋە «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنى خەۋەر قىلغان ئەڭ ياخشى خەلقئارالىق ژۇرنالىستلارنى ئۆز تېررىتورىيىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. گەرچە، خىتاينىڭ بۇنداق قىلىشى ئاساسلىقى ئامېرىكادىكى خىتاي ژۇرنالىستلارنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىغا قارشى ئۆچ ئېلىش

بولسىمۇ، ئۇ يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈشنى توختىتىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى. ئۈچىنچى سەۋەب شۇكى، (خىتاي ۋىرۇسى) سەۋەبلىك دۇنيانىڭ، شۇنداقلا ژۇرنالىستلارنىڭ دىققىتى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن پاجىئەدىن دۇنيا مىقياسىدىكى تارقىلىشچان ۋىرۇسقا بۇرۇلۇپ كەتتى.

بەختكە يارىشا، دەسلەپكى مەلۇماتلار يۇقۇملۇق ۋىرۇسنىڭ تۇتقۇندىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلىرىغا كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندا ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى بۇ مۇقەددىمە يېزىلىۋاتقان ۋاقىتتا يەنىلا تۆۋەن بولۇپ، (نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا) يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى يۈزدىن، قازا قىلغانلارنىڭ سانى بەشتىن تۆۋەن ھالەتتە. ئەلۋەتتە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2017 ـ يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا ئوچۇق ـ ئاشكارە خاتا ئۇچۇرلارنى تارقىتىشىنى كۆزدە تۇتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىغا ئىشىنىشكە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. شۇنداقلا، مەسىلى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئادەم بىلەن توشۇپ كەتكەن جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ئويلاشقاندا، يۇقۇملۇق ۋىرۇس لاگېردىكى ئۇيغۇرلارغا بىز مەڭگۈ بىلەلمەيدىغان شەكىلدە قاتتىق جىسمانىي زىيان سالغان بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ كىرىش سۆزنى يازغانغان قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ لاگېردا ياكى تۈرمىدە كەڭ كۆلەملىك كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقى ۋە ياكى قازا قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىشەنچلىك پاكىت ئوتتۇرىغا چىقمىدى. خىتاينىڭ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىش ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى كونترول قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، COVID ـ 19 نىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تارقىلىشى — ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ رەسمىي مەلۇماتىدىكىن يۇقىرى بولۇشىغا قارىماي — كەمىدە 2020 ـ يىلى ماي ئېيىغىچە چەكلەندى.

ئەگەر بۇ ئەڭ ناچار ئەھۋالنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقسا، ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇچۇرلار دۇنيا مىقياسىدىكى يۇقۇم ئەھۋالنىڭ 2020 ـ يىلى مايغا قەدەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنى قولايلاشتۇرىدىغان ھەرىكەتلىرى كۈچەيتىلىدىغان ۋە نورماللاشتۇرۇلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بولۇپمۇ، ئالتىنچى بابتا ۋە كىتابنىڭ خاتىمە قىسمىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئائىلىلەرنى ئايرىۋېتىشنى ۋە نوپۇس يۆتكەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، غايەت زور تۇتقۇن قىلىشتىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگەن ياتاقلىق مەجبۇرىي ئەمگەك سىستېمىسىغا ئۆتۈشنىڭ يۇقۇملۇق ۋىرۇسنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا تېزلەشكەنلىكى كۆرۈلمەكتە. بۇمۇ ئاسسىمىلياتسىيە تەدبىرلىرىنىڭ كۈچىيىشى، بولۇپمۇ باللارنى نىشانلاش، ھەتتا خىتايلارنىڭ بۇ رايوندا ئولتۇراقلىشىشىغا ئىلھام بېرىش تىرىشچانلىقى بىلەن ماسلاشقانىدەك قىلىدۇ. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار تەپسىلاتلار بەكلا كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇر كىملىكىنى يوق قىلىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىنى

ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ يېڭى پەللىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، دۇنياغا تارقالغان يۇقۇملۇق ۋىرۇس كونترول قىلىنىپ، خەلقئارالىق تەكشۈرگۈچىلەر شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ بارغاندا، ئۇلار بۇ رايوننى تونۇماي قېلىشى مۇمكىن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، 19 ـ COVID يۇقۇملۇق ۋىرۇسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى بۇ ۋىرۇسنىڭ 2017 ـ يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان تەدبىرلەرنى خىرەلەشتۈرىدىغان ئىس ـ تۈتەك ئېكرانلىق رولىنى- ئوينىشى-، شۇنداقلا 2017 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ھەم خىتايدا، ھەم شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يوق قىلىنىشىغا ياردەم بېرىشى مۇمكىن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى كۈچەيتىش ۋە نورمال ھادىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى — يېزا ئۇيغۇرلىرىنى باشقا يۇرتلارغا ۋە خىتاينىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا مەجبۇرىي ياتاقلىق ئەمگەك ئۈچۈن كۆچۈرۈش پىلانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ — 2020 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاللىقاچان كۆرۈنەرلىك بولغان بولۇپ، بۇ پىلاننىڭ سالمىقى ئاشمىغان تەقدىردە، ئەڭ كەمدە ئۆز پېتى داۋام قىلدى.(1) خىتاي يۇقۇملۇق ۋىرۇسنى تىزگىنلەش ئۈچۈن خىتاينىڭ ھەممە يېرى دېگۈدەك تاقالغان مەزگىلدە ئوتتۇرىغا چىققان، ئۇيغۇرلارنى زاۋۇت ئىشچىلىرى سۈپىتىدە يۆتكەش ئۈچۈن يېقىلغان بۇ يېشىل چىراق يەكلەنگەن بۇ خەلقنىڭ خىتاي ئىقتىسادىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشى ئۈچۈن «ئىشقا سېلىشقا بولىدىغان» ئىشچىلارنىڭ سېپىدە بولۇشىغا دائىر تەخمىنلەرنى ئاشۇردى. ھالبۇكى، بۇ پەيتلەردە كۆپ قىسىم خىتاي خەلقى بىخەتەر شەكىلدە كارانتىن قىلىنغان ئىدى.

سەرگەردانلىقتىكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى قوللىرىدا چامادان كۆتۈرگەن، يۈزىگە ماسكا تاقىغان ھالدا چوڭ كۆلەملىك ئىشچىلار قوشۇنى شەكىللەندۈرگەن، زاۋۇتلاردا ئىشقا سېلىنىش ئۈچۈن يۆتكىلىشۋاتقانلىقى مۇمكىن بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋىدېئولىرىنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىتىش ئارقىلىق، يېزا ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشقا رايونلارغا يۆتكىلىشىنى تېخىمۇ بەك ئىسپاتلىغاندەك قىلاتتى. گەرچە بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن (خەلق) ئۆزى خالاپ تەشكىللەنگەن پائالىيەت دەپ ئىزاھلانغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ 2017 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن زور كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشىنى ۋە قاماقتا مەھكۇم قىلىنىشىنى ئويلاشقاندا، بۇ خىل كۆچۈرۈش ھەرىكەتلىرىگە قاتناشماسلىقلىقنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق دەپ قارىلىدىغانلىقى، قاماققا ئېلىنىش ياكى تۇتقۇن قىلىنىش ئارقىلىق جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

بۇ كىتابنىڭ ئالتىنچى بابىدا بايان قىلىنغىنىدەك، گەرچە سىرتقى كۆزەتكۈچىلەرگە نىسبەتەن بۇ ئەمگەك پروگراممىلىرى كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا زوراۋانلىق ئاز ۋە نىسبەتەن جەلپ قىلارلىق بولسىمۇ، ئەمما بۇ پروگراممىلار يېزا ئۇيغۇر نوپۇسىنى كونترول قىلىش ۋە «شەكىللەندۈرۈش»تە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. خىتاي دۆلىتى شەرقىي تۈركىستاندا لاگېرغا كىرىپ چىققان ۋە باشقا مىڭلىغان يېزا ئۇيغۇرلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى زاۋۇتلاردا يېتىپ ـ قوپۇپ ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلىپ، ئىلگىرى كۆپلەپ

ئۇيغۇر نوپۇسى مەۋجۇت بولغان يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئازىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئائىلىلەرنى ۋە مەھەللىلەرنى ۋەيران قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ پروگراممىلار يەنە بۇ يېڭى زاۋۇت ئىشچىلىرىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مۇھىتىدىن ئايرىپ تاشلاش ئارقىلىق، ئۇلارنى سىياسىي «قايتا تەربىيىلىنىش» ۋە خىتاي تىلى دەرسلىرىگە قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق «ئۆزگەرتىش»نى مەقسەت قىلغان. تېخىمۇ شۇملۇقى تولغىنى يېزىلىق ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنى خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زاۋۇتلارغا ئىشچىلىققا تۇتۇپ بېرىدىغان مۇناسىۋەتلىك ئەمگەك پروگراممىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ زاۋۇتلاردا ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ زاۋۇت رايونىدىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىزمەت ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن «قايتا تەربىيىلەش»كە قاتناشتۇرۇلىدۇ. بۇ پروگراممىلار يېزا ئۇيغۇرلىرىنى «ئۆزگەرتىش»كە ئۇرۇنغاندىن باشقا، جۇڭگونىڭ ئىچىدىكى بۇ پروگراممىلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنىڭ نوپۇسىنى ئازلىتىشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇ بەلكىم چەكلىك شەكىلدىكى ئىرقىي تازىلاشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلارنى ئەمگەككە سېلىش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇش پروگراممىلىرى ئەڭ كەمدە 2006 ـ يىلدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، «جەنۇبىي خىتاي ئەتىگەنلىك گېزىتى»نىڭ 2020 ـ يىلى مايدا ئاشكارىلىشىچە، مەجبۇرىي ئەمگەك ئۈچۈن يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ سانى نورما بويىچە ئېشىپ، ئۇلار 2020 ـ يىلى خىتايدىكى ئوخشىمىغان ئون توققۇز ئۆلكە ـ رايونلارغا يۆتكەلگەن. ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەلكىم 2010 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ رايوننىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان، تالاش ـ تارتىش قوزغىغان «جۈپ ياردەم بېرىش پروگراممىسى» (PAP) ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلارغا تەۋە بولۇشى مۇمكىن.(2)

مەلۇماتلارغا كۆرە، يالغۇز شېنجېن شەھىرىگىلا تەقسىملەنگەن (ئۇيغۇر) ئەمگەك كۈچى ئەللىك مىڭ ئىكەن. بۇنىڭدىن كەلگۈسى بىر نەچچە يىلدا مۇشۇ پىلان بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىدىن (ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە) يۆتكىلىدىغانلارنىڭ سانى نەچچە مىليونغا يېتىشى مۇمكىن. بۇ ھال شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس ئەھۋالىنى ئېغىر دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ 6 ـ بابىدا كۆرسىتىلگەندەك، بۇ ئەمگەك پروگراممىلىرى خىتاينىڭ 2017 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇۋاتقان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى ئۈچۈن ئوينالغان ئاخىرقى ئويۇندەك كۆرۈنمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە يۈز بېرىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك قاماش، تۈرمىگە سولاش ۋە نازارەت قىلىش سىستېمىسى (خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تۆۋەنلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپىتالىنى ۋەيران قىلىش، روھىنى يىمىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ھازىر نۇرغۇن زىيالىيلار يەنىلا لاگېرلارغا ياكى تۈرمىگە سولانغانلىقتىن، يېزا ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى چەتكە قېقىلىپ ۋە كونترول قىلىنىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك زاۋۇت ئىشچىلىرى ھالىتىگە چۈشۈپ

قالدى. ئۇلار ئۇ يەرلەردە سىياسىي جەھەتتىن كاللا يۇيۇشقا ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشقا دۇچ كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىغا يۆتكەپ ئاپىرىلىپ، ئۆز ۋەتىنىدىن تامامەن ئايرىۋېتىلدى.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، بارغانسېرى كۆپىلگەن سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كونترول ئاستىدىكى مەزكۇر ئەمگەك تۈرلىرىگە قاتناشتۇرۇلۇشىدىن شۇ نەرسە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، رايونلۇق ھۆكۈمەت ئۇيغۇر دىيارىدىكى زور كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىنىڭ رولىغا قايتىدىن قاراپ چىقىشقا باشلىغان. رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان رەئىسى شۆھرەت زاكىر 2019 - يىلى 12 - ئايدىلا، بۇ لاگېرلاردىكى ــــ ئۇنىڭ تەبىرى بويىچە «كەسپىي تەربىيەلەش مەركەزلىرى»دىكى ــــ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ «ئوقۇش پۈتتۈرۈپ»، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىرىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زاۋۇت ئەمگىكى تۈرلىرى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. نەتىجىدە، ئۇ يەنە بۇ لاگېرلارنىڭ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى «كەسپىي تەربىيە» ئالىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر ئاممىسىغا ئېچىۋېتىلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى(3). گەرچە 2020 - يىلى 1 - ئايدىن بۇيانقى ئۇچۇر قامالى سەۋەبلىك، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ، خىتاي ۋىرۇسى پاراكەندىچىلىكىنىڭ كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىنىڭ «نورمال»لاشتۇرۇلۇپ، زوراۋانلىق دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەن، لېكىن يەنىلا مەجبۇرىي بولغان، شۇنداقلا تۇتقۇنلارنىڭ مېڭىسى يۇيۇلىدىغان، بارغانسېرى كۆلىمى كېڭىيىۋاتقان ئەمگەككە سېلىش مۇئەسسەسەلىرىگە ئايلاندۇرۇلۇشىغا ئىمكان يارىتىپ بەرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇ ۋەجىدىن، تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاباسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى 2017 - يىلىدىن بۇيان مۇشۇ لاگېرلاردا يۈز بېرىۋاتقان تۇتقۇن قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ ئەدلىيە تەرتىپلىرىدىن ھالقىغان، زوراۋان ۋە مەجبۇرىي خاراكتېرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، (زاۋۇت سىياقىغا كىرگۈزۈلگەن) ئۇشبۇ مەركەزلەرنى خەلقئارالىق كۆزەتكۈچىلەرگە ئېچىۋېتىشىمۇ مۇمكىن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا قىلمىشلىرىمۇ، خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاباسى مەزگىلىدە، ئۇيغۇر كىملىكىنى ۋەيران قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. خىتاي قۇرامىغا يەتكەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (تۇرالغۇ بىلەن ئىش مۇھىتى بىرلەشتۈرۈلگەن) «ئولتۇراق زاۋۇت»لارغا يۆتكەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ياتاقلىق مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلارنى نىشان قىلغان مەكتەپ (يەسلى)لەرمۇ بار، بۇ يەرلەردە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆز ئائىلىسى ۋە جەمئىيىتىدىن ئايرىۋېتىلگەن ھالدا خىتاي تىلى ۋە كۈلتۈرى ئۆگىتىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيەسىدە، يەرلىك ھۆكۈمەت ھەتتا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، رايوندىكى ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بارلىق بالىلار مەكتەپ (يەسلى) لىرىدىكى بالىلارنىڭ 2020 ـ يىلدىن 2021 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياتاقتا يېتىپ ئوقۇشىنى تەلەپ قىلغان (4). ئەگەر بۇ

خەۋەرلەر راست بولسا، بۇ بارلىق ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈچۈن مەجبۇرىي ياتاقلىق مەكتەپ پروگراممىسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ سىگنالى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مۇشۇنداق ئىش يۈز بەرسە، كېيىنكى ئەۋلاد ئۇيغۇرلار ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاسسىمىلياتسىيە ئورگانلىرىدا تەربىيەلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىگە ئائىت كۈلتۈرەل نامايەندىلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرستى تولىمۇ كەم بولىدۇ.

ئاخىرىدا، تاجىسمان ۋىرۇس ۋابasى باشلانغاندىن بۇيانقى خەۋەرلەر يەنە خىتاينىڭ جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان، نوپۇسى ئاز شەھەرلەرگە يەرلەشكەن ئاققۇن خىتايلارغا تولۇقلىما ئىمتىيازلارنى بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە (5). گەرچە مەزكۇر پروگراممىنىڭ سالمىقى نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما ئەمگەك پروگراممىلىرى ئارقىلىق بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنى قەستەن يۆتكەش ـ ماكانلىرىدىن كۆچۈرۈۋېتىش قىلمىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بۇ خىتايلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان خىتاي دۆلىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى (settler colonization ــ مۇستەملىكە ئاستىدىكى زېمىننى ۋە شۇ يەردىكى بايلىقلارنى تامامەن ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان، ۋە شۇ سەۋەبلىك مۇقەررەر ھالدا يەرلىك قەۋمنى تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتىشنى تەقەززا قىلىدىغان مۇستەملىكە شەكلى)نىڭ يېڭى باسقۇچىغا ئايلانغاندەك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 6 ـ بابتا تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ مەنزىرىسىنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلىشىمۇ تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى مەزگىلىدە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ، بۇ ئولتۇراقلىشىشقا يول ئاچتى، دەپ قارالماقتا.

بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش ھەرىكىتىدىكى ئومۇمىي نىشانىغا ئۇيغۇن. بۇ كىتابتا كۆرسىتىلگىنىدەك، خىتايدا ئۇيغۇرلارغا قارشى دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەت «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنى تۈرتكە قىلغان، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر دىيارىنى تەبىئىي جۇغراپىيەسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆرۈنۈش ۋە نوپۇس قۇرۇلمىسى جەھەتتە خىتاي ئۆلكىلىرىدىن پەرقلەنمەس قىلىۋېتىش ئۈرۈنۈشىدۇر. مەن كىتابنىڭ خۇلاسىسىدە، بۇ رايوندىكى مەۋجۇت يۈزلىنىشنىڭ بۇ خىل مۇستەملىكىچىلىكنى ئوڭۇشلۇق ھالدا قولىيالاشتۇرغانلىقىنى كۆرسەتتىم، ئەمما مەن يەنە بۇ جەرياننىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھالغا كېلىشى ئۈچۈن، بىر قانچە يىل داۋاملىشىدىغان، توسالغۇسىز باستۇرۇشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدۇم. بەختكە قارشى، تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا تېزلىتىلگەن مۇستەملىكىچىلىك ئالامەتلىرى روشەن گەۋدىلەندى، بۇ ئەھۋال تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى ئاياغلاشقۇچە مەزكۇر جەرياننىڭ پۇختىلىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىتايلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان قىسمىغا ئايلىنىشىنى مەۋجۇت رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ جەرياندا، خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ زوراۋانلىق بىلەن

تۇتقۇن قىلىنغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن ماددىي پاكىتلارنى يوقىتىۋېتەلىشى مۇمكىن، ھالبۇكى مەزكۇر تۇتقۇن قىلىش دولقۇنى ئۇشبۇ مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى تېزلەتكەندى.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، مەن كىتابىمنىڭ خۇلاسىسىدە بايان قىلغان، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە ئاساسىي قاتلام پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىش چاقىرىقى بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ تەخىرسىزدۇر. ھالبۇكى، نۆۋەتتە ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە قىلىنىدىغان ھەرقانداق پائالىيەت ئۆزگىرىۋاتقان گېئوپولىتىك (سىياسىي جۇغراپىيىۋى) مۇھىت بىلەن كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر. تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىنىڭ يەرشارىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇساپىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى يەنىلا كەلگۈسىدىكى ئەڭ چوڭ ئېنىقسىزلىقلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتىكى كرىزىسنىڭ گېئوپولىتىك (سىياسىي جۇغراپىيىۋى) مۇھىتنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقى ئېنىق. بەلكىم دۇنيا تارىخىدىكى بۇ ھالقىلىق پەيت «تېررورلۇققا قارشى خەلقئارالىق ئۇرۇش» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان ئىزچىل ناچارلىشىۋاتقان، ئاجىز، «قائىدىنى ئاساس قىلغان دۇنيا تەرتىپى» نىڭ يىمىرىلىشىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، بىزنى مەن كىتابىمنىڭ خۇلاسىسىدە تەسۋىرلىگەن، شەخسىي مەخپىيەتلىك ۋە ھەق ـ ھوقۇق تارتىۋېلىنغان، شۇنداقلا كۆپ خىللىققا قارشى يەر شارىۋى مۇھىتقا بارغانسېرى سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، مەزكۇر يەرشارىۋى داۋالغۇش پەيتى بۇ يۈزلىنىشنىڭ ئارقىغا يېنىشىنىمۇ ئاسانلاشتۇرۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئورتاق يەرشارىۋى ئىزتىراپ تېخىمۇ كۆپ خەلقئارالىق نازارەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىدا بولمىغان ئىشتىراكچىلارغا دۆلەتلەرنى ۋە باشقا خەلقئارالىق ھوقۇق مەنبەلىرىنى چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدا جاۋابكارلىققا تارتىش ھوقۇقى بېرىش ئېھتىياجىنى گەۋدىلەندۈرمەكتە. بۇ يەر شارىۋى كرىزىستىن كېيىن، مەزكۇر يۈزلىنىشلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيانىڭ تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى مەزگىلىدىكىدىنمۇ بەكرەك تالاش ـ تارتىشقا تولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. گەرچە بۇ ۋابادىن كېيىنكى دۇنيا كۈنتەرتىپىنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئالالماسلىقى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىنغان، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىشى 2020 ـ يىلدىن كېيىنكى يېڭى دۇنيا تەرتىپىنىڭ يۈزلىنىشىدىن بېشارەت بېرەلىشى مۇمكىن.

— شان روبېرتس، 2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ۋاشىڭتون.

# كىرىش سۆز

2017 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ، ئۇيغۇر ۋە ياكى شەرقىي تۈركىستان رايونىنى تەتقىق قىلىدىغان خەلقئارالىق تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىزنىڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋە دوستلىرىمىزنىڭ يوقاپ كېتىشكە باشلىغانلىقىدەك ئېغىر بىر جىنايەتنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇ ۋاقىتتا، چەتئەلدە بىلىم ئېلىۋاتقان نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېتىلگەن بولۇپ، دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارغا خىتايدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى توختىتىشنى ئېيتقان.(1) بۇ دەل غەرب تەتقىقاتچىلىرى ۋە مۇخبىرلىرى يېقىندا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، شەرقىي تۈركىستاننى ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندۇرغان رايونلۇق پارتىيە سېكرېتارى چېن چۈەنگونىڭ (Chen Chuanguo) شەرقىي تۈركىستان رايونىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە نازارەت قىلىش قىلمىشىنى دوكلات قىلىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كەلدى.(2) گەرچە چېن چۈەنگو ئىلگىرى شىزاڭدا ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نازارەت قىلىش تاكتىكىسىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى، دىنى ـ ئېتىقادى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەتكە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى باھالاشقا ئىشلىتىلىدىغان باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ كۆلەملىك، سىستېمىلىق، ئېلېكترونلۇق نازارەت قىلىشنى كۈچەيتكەن.(3)

بۇ تەدبىرلەر ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتكە بولغان ساداقەتمەنلىكى توغرىسىدىكى بىخەتەرلىك ۋە گۇمانلىرى نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئېشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان رايونىدا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئېلىپ بارغان باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ بىر بالداق كۈچەيگەنلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشنىڭ كۈنسىرى كۈچىيىشىدىن ئىبارەت بۇ يۈزلىنىش كىشلەرنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 2017 ـ يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان رايونىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىنى قۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ھەيران قالارلىق قىلمىشىغا تەييارلىقسىز قالدۇرغان.(4) 2018 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك

مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بىر مىليونغا يېقىن دەپ بېكىتىلگەن بولۇپ، بەزىلەر لاگېرغا قامالغانلار سانىنىڭ ئىككى مىليونغا يېقىنلىشىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.(5) بۇ جازا لاگېرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىرقىي ۋە دىنىي ئېتىقادىغا قارىتا ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرى دۇنيانىڭ يەنە بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مۇقەددىمىسىگە شاھىت بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ بەرمەكتە.

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىپ شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى تەسۋىرلەش گەرچە بۇ ئاتالغۇنىڭ ئىلگىركى ئىشلىتىلىشىگە ئوخشاش ئىزچىل تالاش-تارتىش بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ھېچ بولمىغاندا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» قىلىۋاتقانلىقى ئېنىقلاندى. ئەمەلىيەتتە، خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ بىلگىنىمىزدەك ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى قوزغىغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ رەزىل نىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي تۈسكە ئىگە مەھسۇلاتلار ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي كاپىتالىغا ئورتاق ھۇجۇم قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى دەپ بىلگەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىشتەك بىر يۈرۈش مۇرەككەپ سىياسەتلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ مۇرەككەپ سىياسەتلەرنىڭ مەركىزى نۇقتىسى بولغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا بولسا ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ زور بىر قىسمى قانۇنىي تەرتىپكە خىلاپ ھالدا خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇلغان.

بۇ لاگېرلاردا، مەھبۇسلار تۈرمىگە ئوخشاش شارائىتتا دۇچار بولىدىغان بولۇپ، ئۇلار نەچچە سائەتلەپ خىتاي تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلانغان، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە خىتاي ھاكىمىيىتى خەتەرلىك ئىدېئولوگىيە دەپ قارىغان ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى تىغ ئۇچى قىلىنغان كوممۇنىزم تەشۋىقاتلىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلانغان. بەزى كۆزەتكۈچىلەر لاگېردىكى مەھبۇسلارنىڭ ئانا تىلىدا سۆزلىشىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز-ئارا ئالاقە قىلىشىنىڭمۇ چەكلەنگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، لاگېر مەھبۇسلىرىنىڭ ئېغىر قىيىن-قىستاققا ئۇچرىغانلىقى ۋە ئىلگىرىكى مەھبۇسلارنىڭ نامەلۇم زەھەرلىك دورىلارغا مەجبۇرلانغانلىقى توغرىسىدا كۆپلىگەن دوكلاتلار ئېلان قىلىنغان.(7) گەرچە، خەۋەرلەرگە كۆرە لاگېرلارغا سولاشنىڭ ئۆلچىمى گۇمانلىق «تېررورچىلار» ، «ئاشقۇنلار» ۋە «بۆلگۈنچىلەر» دەپ بېكىتىلگەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، ئەمما تۇتۇپ تۇرۇشتا مۇئەييەن سان ئاساس قىلىنغان ۋە تۇتۇپ-سولاش ئاساسەن خالىغانچە بولۇپ، ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇرلار ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتۇپ-سولىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.(8)

ناتسىستلار جازا لاگېرى ۋە ستالىننىڭ گۇلاگلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان بۇ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرى خىتاينىڭ 2017-يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغان تەرىپى

بولسمۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن تېخىمۇ چوڭ كونترول قىلىش ۋە باستۇرۇش سىستېمىسىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى خالاس. ناتسىستلارنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ۋە ستالىننىڭ گۇلاگلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان بۇ جازا لاگېرلىرى 2017 ـ يىلىدىن بۇيان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىۋاتقانلىقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تەرىپى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان تېخىمۇ چوڭ كونترول ۋە مەجبۇرلاش سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى، خالاس. لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنىڭ ئاساسەن خالىغانچە بېكىتىلىشى يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تۇتقۇن قىلىنىش ۋەھىمىسى پەيدا قىلغان. خەۋەر قىلىنىشىچە، تۇتقۇن قىلىنمىغان ئۇيغۇرلارمۇ ھەر كۈنى كەچتە ئۇلارنى لاگېرغا ئەكېتەلەيدىغانلارنىڭ «ئىشىكنى چېكىشى»نى ساقلايدىكەن، شۇنداقلا ئۇلار ئەڭ يېقىن دوستلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەنمۇ لاگېرلار توغرىسىدا پاراڭلىشىشتىن قورقىدىكەن، چۈنكى كىمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ھامان، شۇ كىشى تۇتقۇن قىلىنىشى مۇمكىن ئىكەن (9). بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ئاللىقانداق ئۇششاق ـ چۈششەك شەخسىي ئاداۋەتلەر تۈپەيلى، خىزمەتداشلىرى ياكى قوشنىلىرى تەرىپىدىن (خىتاي دائىرىلىرىگە) «تېرورچى»، «ئاشقۇن» ياكى «بۆلگۈنچى» دەپ شىكايەت قىلىنىشتىن قورققاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ ئىشىنىشمەسلىك كۈنسېرى كۈچەيگەن. («تېرورچى»، «ئاشقۇن» ۋە «بۆلگۈنچى»دىن ئىبارەت) بۇ كاتېگورىيەلەر خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن كوللېكتىپ ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ» (三股势力) دەپ ئاتىلىپ، «دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە نىسبەتەن، ئەڭ ئېغىر مەۋجۇت ئىچكى بىخەتەرلىك تەھدىتى» دەپ قارىلانغان.

بۇنىڭدىن سىرت، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش دولقۇنىدىن ئىلگىرىلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ۋە مەزكۇر رايوندىكى ھەربىر ئۇيغۇرنى ـــ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، باردى ـ كەلدىسىنى، ھەتتا ئوي ـ خىياللىرىنى ـــ نازارەت قىلىش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش سىستېمىسى سەۋەبلىك، بۇ قورقۇنچ تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. مەزكۇر نازارەت قىلىش سىستېمىسى ئاساسلىقى دائىملىق تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى، ھەممىلا جايىنى قاپلىغان كىچىك ساقچى پونكىتلىرى ۋە يۈز تونۇش يۇمشاق دېتالى قاچىلانغان كۆزىتىش كامېرالىرى ئارقىلىق يېقىندىن كۆزىتىلىدىغان ئاممىۋى سورۇنلارغا مەركەزلەشكەن. ھالبۇكى، بۇ كۆزىتىش تورى ئاممىۋى سورۇنلاردىنمۇ ھالقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغىمۇ سوقۇنۇپ كىرگەن (10). ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىيفونلىرىغا مەجبۇرىي ئورنىتىلغان جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتاللىرى GPS ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلالايدۇ، ئالاقىسىنى نازارەت قىلالايدۇ ۋە ئۈسكۈنىلىرىدە ساقلانغان ھەر قانداق ماتېرىيالنى كۆزىتەلەيدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە دائىم ئىش ئورۇنلىرى ۋە ئولتۇراق رايونلاردا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان پارتىيەگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى تەكشۈرۈش سىناقلىرىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ (11). ئەڭ ئاخىرىدا، بەلكى بۇ كەڭ كۆلەملىك كۆزىتىش سىستېمىسىنىڭ ئەڭ رېئاللىقتىن ھالقىغان قىسمىدا، بىر مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە كادىرى مەزكۇر رايوندىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى يوقلاش ۋە ئۇلار بىلەن ۋاقتىنچە

بىللە تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بېزىلىشلىرىدىن تارتىپ، خۇسۇسىي پاراڭلىرى، شەخسىي ئادىتى ۋە مەنىۋىيىتىنى «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ يوشۇرۇن ئالامىتى سۈپىتىدە دوكلات قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان (12). بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى غايەت زور سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنى ھەربىر ئۇيغۇر ھەققىدە مول ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى ھەققىدە، ئۇلار (ئۇيغۇرلار)نى تۇتقۇن قىلىش، تۈرمىگە سولاش ياكى ھاياتىنى ۋاقتىنچە (مەۋجۇت ھالەتتە) داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويۇش دېگەندەك قارارلارنى چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان (13).

ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر نازارەت قىلىش، مېڭە يۇيۇش ۋە تۇتقۇن قىلىش تورى ئىجتىمائىي كاپىتال مۇناسىۋەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىشكە توسقۇنلۇق قىلىش ۋە خىتاي تەرىپىدىن تەھدىت دەپ قارىلىدىغان ھەر قانداق ئۇيغۇر كۇلتۇرەل ئادەتلىرىنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەنزىرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى (خىتايلاشتۇرۇلۇشىنى) ئىلگىرى سۈرىدىغان باشقا سىياسەتلەرگە ئەمەل قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان قۇدرەتلىك كۈچتۇر. مەزكۇر سىياسەتلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك كۇلتۇرەل ئىزنالارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان  بولۇپ، پەقەت ساياھەتچىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە پەردازلانغان بىر قىسىم جايلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇيغۇر تىلى ئاممىۋى سورۇنلاردىن تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىلىۋاتىدۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەسچىتلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقلىرى ۋەيران قىلىنىپ، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەھەللىرى چېقىۋېتىلىۋاتىدۇ (14). ھېلىھەم كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ ۋە تۈرمىلەرنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى، بولۇپمۇ يېزىلاردىكىلەر، يا بىخەتەرلىك سىستېمىسىدا ئىشلەشكە، يا ئائىلىسى ۋە يۇرت ـ مەھەللىسىدىن ئايرىلىپ، چوڭ تىپتىكى ياتاقلىق سانائەت رايونلىرىدا ئىشلەشكە مەجبۇرلىنىۋاتىدۇ (15). بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار يەنە خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلۈۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى خىتاي تىلى ۋە كۇلتۇرى ئۆگىتىلىدىغان ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلىپ، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى سىڭدۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتىدۇ (16). ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇ خىل «پۇرسەت»لەردىن پايدىلانغىلى ئۇنىمىسا، مۇقەررەر ھالدا گۇمانغا ئۇچراپ، تۈرمىگە تاشلىنىش ياكى تۇتقۇن قىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزكۇر ھەرىكەت كىتابنىڭ ئاخىرقى بابىدا تېخىمۇ تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. بۇ بابتا يەنە مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بىر خىل شەكلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ماھىيىتىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. ئەمما، كىتابنىڭ باشلىنىشىدىلا ھېچبولمىغاندا بۇ ھەرىكەتنىڭ دائىرىسى ۋە كۆلىمىنى ئوقۇرمەنلەرگە بىلدۈرۈش تولىمۇ

مۇھىم. مەزكۇر كىتابتا بۇ باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ قانداق تەرەققىي قىلغانلىقى، نېمە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ خىتاي پۇقرالىرى ۋە دۇنياغا قايسى رەۋىشتە «يوللۇق»لاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلىۋاتقانلىقى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىلدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتابقا كۆرە، بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇددىئاسى شەرقىي تۈركىستان زېمىنى ۋە خەلقىنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەسەۋۋۇردىكى زامانىۋى خىتاي دۆلىتىگە مەجبۇرىي قوشۇۋېلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىدىن بۇيان بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەنىدى. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەرىكەت كىشىگە يېقىنقى ئۈچ ئەسىر مابەينىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، جەمئىيىتىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تۇتۇپ، قىرغىن قىلىپ، قالغانلىرىنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەقسىتىدىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى پىلانلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

بۈگۈنكى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان مۇستەملىكە مۇناسىۋىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ رايون 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ نامدا خىتاينىڭ بىر قىسمى بولغان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زېمىنى ۋە خەلقىنى خىتاي سىياسىي گەۋدىسىگە قوشۇۋېلىش ئۇرۇنۇشى ئاساسەن مەغلۇپ بولدى. 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ كۆچەپ، رايوننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەرتىپ، رايون خەلقىنى دۆلەت سىياسىتىگە بويسۇندۇردى. ئەمما تاكى 1990 ـ يىللارغىچە، بۇ رايون خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىتى ۋە ئىقتىسادىدا يەنىلا چەتتە قالدى ۋە رايون خەلقى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىكىدىكى خىتاي جەمئىيىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشقا قارشى تىركىشىپ كەلدى. نۆۋەتتىكى كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يىلتىزىنى 90 ـ يىللاردىن تېپىش مۇمكىن، ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرالىنىدىغان (ئەۋزەل) جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ خىتاينىڭ ئېكسپورتىنى يېتەكچى قىلغان ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى بايلىق بولالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە بۇ رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىغان. ھالبۇكى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 30 يىلغا يېقىن تەرەققىيات ۋە رىغبەت خاراكتېرلىك ئاسسىمىلياتسىيە تەدبىرلىرىدىن كېيىنمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان زېمىنى ۋە ئاھالىسىنى دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كەلگۈسى تەسەۋۋۇرىغا بىرلەشتۈرۈش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۇرۇنۇشىغا يەنىلا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئەنە شۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، خىتاي دۆلىتى شى جىنپىڭنىڭ تېخىمۇ مۇستەبىتلىششى ۋە ئۇنىڭ «بىرلىككە كەلگەن» خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەسەۋۋۇرىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق تاكتىكىسىنى قوللاندى.

19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكادىكى يەرلىك ئامېرىكالىقلار، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەدىكى يەرلىك خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سانسىزلىغان يەرلىك خەلقلەرمۇ مۇشۇ خىل قىسمەتكە دۇچ كەلگەنىدى. خەلقئارا جەمئىيەت 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى «زامانىۋىلاشتۇرۇش» ۋە «تەرەققىيات» نامىدا يوللۇقلاشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنداق قىلمىشلارنىڭ تەكرارلانماسلىقى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. گەرچە ب د ت نىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھوقۇقى خىتابنامىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى خىتابنامىسى قاتارلىقلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئالالىشى ناتايىن بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر ئەھدىنامە ۋە خىتابنامىلەردە بۇ خىل قىلمىشلارنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ۋە ئەيىبلەشكە بولىدىغانلىقى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن، بىز ھازىر 21 ـ ئەسىردە تەكرارلانغان، بىر مەھەل دۇنيا مىقياسىدا دېموكراتىكلىششقا تۈرتكە بولىدۇ دەپ قارالغان بارلىق ئۈچۈر تېخنىكىلىرىغا تايانغان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىققا شاھىت بولۇۋاتىمىز.

بۇ كىتابنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىينەزەرلىرىدىن بىرى شۇكى، كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ 21 ـ ئەسىردە تەكرارلىنىشىغا مۇشۇ ئەسىرگە خاس بولغان «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»تىن (Global War on Terror) ئىبارەت ئالاھىدە ئىدىئولوگىيە سەۋەب بولغان. تۆۋەندە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ مۇلاھىزە قىلىنىدىغىنىدەك، «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»تا «تېرورچى»لىق قالپىقى ئارقىلىق، پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىرقىي، دىنىي ۋە ياكى مىللىي خۇسۇسىيىتى سەۋەبلىكلا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا كىشىلىك ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنىشى يوللۇقلاشتۇرۇلۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىققا زېمىن ھازىرلاش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، «تېرورچى»لىق قالپىقى بۇ قالپاق كىيگۈزۈلگەنلەرگە قارىتىلغان ھەر خىل ۋەھشىيلىكلەرنى يوللۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان «مەۋجۇتلۇق تەھدىتى»دىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، «تېرورچى»لىقنىڭ تەبىرى ئېنىق بېكىتىلمەستىن، «تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر توپىغا يوشۇرۇنغان تەھدىت»نى كۆرسىتىدۇ دەپ قارالغانلىقتىن، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانلار توپى ئىچىدىكى «تېرورلۇق تەھدىتى»نى ئېنىقلاش باھانىسى شۇ توپتىكى بارلىق خەلقلەرگە قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى، ھەتتا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەرھال يوللۇقلاشتۇرالايدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەسلەپتە شەرقىي تۈركىستاندىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ئەھۋاللىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىن ئاشۇ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى «بۇ يەرگە سولانغانلار ئىسلامىي <ئاشقۇن> ئىدىئولوگىيەنىڭ مۇرتلىرى بولغاچقا، خىتاي جەمئىيىتىگە ئېغىر <تېرورلۇق تەھدىتى> ئېلىپ كېلىدۇ» دېيىش ئارقىلىق يوللۇقلاشتۇرۇشىنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق (17). بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، خىتاي ئۆز

سىياسىتىنىڭ ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى يوقىتىشنى ئەمەس، بەلكى ـــ ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ـــ ئاشۇ كۇلتۇرنى يۇقۇملاندۇرغان «ئاشقۇن» ئىدىئولوگىيىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى دەۋا قىلدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بۇ خىل (باتىل) نۇقتىئىينەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان (ۋەھشىي) قىلمىشلىرىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ 2001 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئاتالمىش «تېرورچى»لىققا قارشى ھەرىكەتلىرىدىن ھېچبىر پەرقى يوق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق، بۇ ھەقتىكى تەنقىدلەردىن ئاسانلا ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى. شۇنىڭدەك، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ، جۈملىدىن دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى مۇستەملىكە قىلىش ئۇرۇنۇشى ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت «تېرورلۇق تەھدىتى»گە قايتۇرۇلغان مۇۋاپىق ئىنكاس، دەپ قارىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ خىل نۇقتىئىينەزەرنى دۆلەت ئىچىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەرغىب قىلدى.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، مەزكۇر كىتاب «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نىڭ يېقىنقى دەۋر خىتاي دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتى تارىخىنىڭ ئۆزئارا كېسىشىشىنىڭ بىز بۈگۈن ئۇيغۇر دىيارىدا كۆرۈۋاتقان مىسلى كۆرۈلمىگەن باستۇرۇشنى قانداق پەيدا قىلغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى جاۋابكارلىق ھەم خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتكە ئارتىلدى. ھازىر ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان باستۇرۇش تەدبىرلىرى شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشى، شۇنداقلا ئۇلار مۇشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلىشى كېرەك بولسىمۇ، ئەمما خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئېنىق تەبىرلەنمىگەن «تېرورچى» دۈشمەنلەرگە قارشى مۇجادىلە قىلىش سەۋداسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھېچبىر جازاغا ئۇچرىماستىن بۇ تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، ھەمدە ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ مەلۇم دەرىجىدە بۇ قىلمىشلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە رەھىمسىز ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق خاراكتېرىنى ئەدىتىۋەتتى.

## ئۇيغۇرلار كىم؟

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى تۈرك تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ. ئۇلار ئاساسلىقى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان، خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدىغان رايوندا ياشايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ۋەتىنى دەپ قارايدىغان بۇ رايوندا، (خىتاي ئىستاتىستىكىلىرىغا كۆرە) ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 11

مىليون 300 مىڭدىن ئاشىدۇ (18). بۇنىڭدىن باشقا، تەخمىنەن 500 مىڭ ئۇيغۇر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى (باشقا جايلاردىكىدىن) ئالاھىدە كۆپ. كۈلتۈر، تىل ۋە تارىخ جەھەتتە، ئۇلار ختايلارغا قارىغاندا سابىق سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى خەلقلەر بىلەن كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېخىمۇ چوڭ كۈلتۈر رايونى ئىچىدە، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئەنئەنىسى ئارقىلىق قازاق، قىرغىز ۋە تۈركمەن كۆچمەن چارۋىچىلىرىدىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئەنئەنىسىگە، شۇنداقلا دېھقانچىلىق، شەھەرلىشىش ۋە سودا جەھەتلەردە ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئۆزبېكلەرنىڭ تىلى بىلەن ئاساسەن ئۆزئارا چۈشىنىشلىك (19).

ئىسلام ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزۇن تارىختا ئىگە، بۈگۈنكى كۈندە كۆپىنچە ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان دەپ قارىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئادەتتە سۈننىي - ھەنەفىي مەزھەپكە تەۋە دېيىلىسىمۇ، بۇ يەردىكى دىنىي ئادەتلەر تولىمۇ رەڭگارەڭ بولۇپ، بۇ ئۇزۇن تارىختا ئىگە سوپىزم ۋە (ئىسلامدىن ئىلگىرىكى) يەرلىك دىنلاردىن مەنبەلەنگەن (20). گەرچە ئۇيغۇرلار ئۇزۇندىن بۇيان مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام مەركەزلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقى ئۇلارنى ئىزچىل مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ۋە يەرشارى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ چېتىدە قالدۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ۋەتىنىدە، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ھەقىقىي دىندارلاردىن بولماستىن، خىلمۇخىل مۇسۇلماندارچىلىق ئادەتلىرىنى كۈلتۈرەل ئەنئەنىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. ھالبۇكى، ئىسلام ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ۋە بۈگۈنكى دەۋردە، ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي دۆلىتىدىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان ختايلاردىن پەرقلىنىشىدىكى ۋاستىگە ئايلاندى.

دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆز نەسەبىنى سەككىزىنچى ۋە توققۇزىنچى ئەسىردە ۋەتىنىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىگە باغلىسىمۇ، دەۋرىمىزدىكى كۆپىنچە مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۇلار ئەمەلىيەتتە تارىختىكى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە بۇ رايوندا ياشاپ ئۆتكەن ئوخشىمىغان خەلقلەرنىڭ بىرىكمىسىدۇر (21). بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا ئالتىنچى ئەسىردە تۇنجى قېتىم كىرگەن خىلمۇخىل تۈرك قەۋملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالىسى دەپ قارىلىدىغان ھىندى-ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن (22). بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى قىياپىتى پۈتۈن ياۋرو - ئاسىيادىكى خېلى كۆپ ساندىكى ئوخشىمىغان خەلقلەرگە باغلىغىلى بولىدىغان دەرىجىدە خىلمۇخىلدۇر. بۇ خىل رەڭگارەڭ گېن تارىخى سەۋەبىلىك، كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنى ختايلارغا ئوخشىتىش بەسىي مۇشكۈل بولۇپ، بۇ ئۇلارنى تامامەن ختايلاشتۇرۇش

يولىدىكى ھەرقانداق ئۆرۈنۈشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقى ۋە خىتايدىكى ئەڭ چوڭ ئېتنىك گۇرۇپ ئىكەنلىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تولىمۇ گەۋدىلىك «ئىرقىي» خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان بولۇپ، شەك ـ شۈبھىسىزكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈنكى خىتايدىكى ئورنىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارغا «مۇقىملىق»نى «ئوخشاش بولۇش»قا باغلاپ قارايدىغان جەمئىيەتتە (يەنى خىتاي جەمئىيىتىدە) «يات»لىق تامغىسىنى ئۇرغان.

بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى ئۇقۇمى 20 ـ ئەسىردە ئاندىن شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ 10 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە تەدرىجىي ئىسلاملىشىشى ۋە تۈركلىشىشى بۇ رايوندا بىرلىككە كەلگەن كۇلتۇر بەرپا قىلىش ۋە زامانىۋى ئۇيغۇر كىملىكىگە ئاساس سېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. چىڭ سۇلالىسى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ رايوننى بېسىۋالغاندا، بۇ خىل بىرلىككە كەلگەن كۇلتۇر يەرلىك خەلقلەردە گەۋدىلىك ئىدى. گەرچە ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى قوللانمىغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى خەلقلەر ئورتاق ماكان، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل، دىن ۋە ئەسەرلەرنىڭ ئاغزاكى تارقىلىشى ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەنىدى (23). بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار بۆگۈن ئۆزلىرى ۋەتىنىمىز دەپ قاراۋاتقان زېمىندىكى «يەرلىك خەلق» (Indigenous Peoples) دەپ قارىلىشى كېرەك. ب د ت نىڭ تەبىرىگە كۆرە، «يەرلىك خەلق» — شۇ زېمىننىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى، ئىشغال قىلىنىشى ياكى شۇ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن پەرقلىق ئېتنىك ياكى كۇلتۇرگە ئىگە قەۋملەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىدىن ئىلگىرى بىر رايونغا ماكانلاشقان كىشىلەردۇر (24). ئەمما، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى «ئۇيغۇرلار بۇ رايوندىكى <يەرلىك خەلق> ئەمەس، بۇ يەر ئەزەلدىن خىتاينىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن» دېگەن گېپىدە قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ. خىتاينىڭ بۇ مەيدانى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي دۆلىتى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى كۆرۈۋېلەپ تۇرىدۇ (25).

بۇ جىددىيلىك ئومۇمەن ئۇيغۇر ۋەتىنىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھالقىلىق سوئالغا مەركەزلىشىدۇ: بۇ رايون زادى كىمگە تەۋە؟ ۋە شۇ ۋەجىدىن، ئۇنىڭ خەلقىنى ۋە زېمىنىنى باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى كىمگە بېرىلىشى كېرەك؟ بەلكىم، يېقىنقى زاماندىكى خىتاي دۆلەتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ سوئالغا تۇتقان قارىمۇقارشى پوزىتسىيىسىنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىسى ئۇلارنىڭ بۇ تېررىتورىيەگە قويغان ئىسىملىرى ئارىسىدىكى پەرق بولۇشى مۇمكىن. يېقىنقى زاماندىكى خىتاي دۆلەتلىرى بۇ رايوننىڭ ھەقلىق نامىنىڭ «شىنجاڭ» (ياكى «يېڭى چېگرا») ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. مەزكۇر ئىسىم چىڭ سۇلالىسى بۇ رايوننى بېسىۋالغاندىن، يەنى 1880 ـ يىللىرى بۇ رايون (شەرقىي تۈركىستان) تۇنجى قېتىم خىتاينى ئاساس قىلغان بىر سىياسىي گەۋدىگە قوشۇۋېلىنغاندىن كېيىن قويۇلغان. كۆپىنچە ئۇيغۇرلار بۇ ئىسىمدىكى كۈچلۈك مۇستەملىكىچىلىك پۇرىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشدا قەستەن بۇ ئىسىمنى ئىشلەتمەيدۇ. بەزى ئۇيغۇرلار تۈرك خەلقىنىڭ «يەرلىك خەلق»لىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان،

شۇنداقلا ۋە 1930 ـ ۋە 1940 ـ يىللاردا رايوننىڭ بەزى جايلىرىدا قۇرۇلغان ئوخشاش ئىسمدىكى، ئۆمرى قىسقا ئىككى مۇستەقىل دۆلەتنىڭ تارىخىنى ئەسلىتىدىغان «شەرقى تۈركىستان» دېگەن ئىسمنى ياخشى كۆرىدۇ. خىتاينىڭ ئىچىدىكى باشقا ئۇيغۇرلار «شىنجاڭ» دېگەن نامنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە «ئۇيغۇر دىيارى» دېگەن نامنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. نۆۋەتتە خىتاي دائىرىلىرى «شەرقىي تۈركىستان» ئىبارىسىنى ئىشلىتىشنى «ئاشقۇن»لۇق دەپ قارىغاچقا، «ئۇيغۇر دىيارى» دېگەن نامنى ئىشلىتىش خاھىشى ھازىر تېخىمۇ كۈچلۈك (26).

مەن ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئالاقىدار سىياسىي مەسىلىلەرگە پوزىتسىيە بىلدۈرگەندەك تۇيغۇ بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئادەتتە بۇ رايوننى «شىنجاڭ» ياكى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشتىن ساقلاندىم. بۇنىڭ ئورنىغا، مەن بۇ رايوننى ئاتاشتا مەزكۇر رايوندىكى دۆلەت ياكى ئۇيغۇر مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تىلغا ئالغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، «ئۇيغۇر رايونى» ياكى «ئۇيغۇر ۋەتىنى» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتتىم. گەرچە بۇ رايوننى «ئۇيغۇر ۋەتىنى» دەپ ئېتىراپ قىلىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە سىياسىي مەيدان بىلدۈرگەنلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، مېنىڭچە بۇ ئۇيغۇرلار بىلەن بۇ زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى تارىخى مۇناسىۋەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەسۋىرىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، بۇ ئىسمنى قوللىنىشتا مەزكۇر رايوننى مۇستەقىل دۆلەت دەپ قاراش كېرەكمۇ ياكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش كېرەكمۇ دېگەن سىياسىي مەسىلىدە پوزىتسىيە بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنمايدۇ.

بۇ تېررىتورىيەنىڭ ھەقىقىي تۇغرا ئىسمىغا ئالاقىدار مۇنازىرىلەر ئۇيغۇرلار بىلەن ھازىرقى خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئېنىقسىز مۇناسىۋەتكە ۋە بۇ مۇناسىۋەتنى خاراكتېرلەندۈرىدىغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان توقۇنۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىختا بۇ توقۇنۇشنىڭ سالمىقى ئۆزگىرىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇ بەزىدە يېنىك قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، يەنە بەزىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا زوراۋان توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولغان. ئەمما، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ۋەتىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، توقۇنۇش ئىزچىل مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇ كىتابتىكى مەركىزىي نۇقتىئىينەزەرلەردىن بىرى شۇكى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى («11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ـ») دىن كېيىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ئىزچىل قارشىلىقىنى خەلقئارالىق «تېرورلۇق تەھدىتى» دەپ سۈپەتلەش قارارى ھازىرقى خىتاي دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇنداقلا بۇ قارار ئۇزۇنغا سوزۇلغان مەزكۇر توقۇنۇشنى مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان كەلگۈسىدە ھەل قىلغىلى بولماس ھالەتكە كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.


خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى «تېرورلۇققا قارشى خەلقئارالىق ئۇرۇش»قا ئاسانلا باغلىيالىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇرۇشنىڭ مۇجمەل دۈشمەنگە ئېلان قىلىنغانلىقىدۇر. «تېرورلۇق»نىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئېنىقلىمىسى يوق، شۇنداقلا ئۇ

**كۆپىنچە ھاللاردا دۆلەتكە ياكى جەمئىيەتكە قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكەن، (مەلۇم قوراللىق تەشكىلات دېگەندەك) غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلارنى قارىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سىياسىي تامغىدۇر. ئەمما مېنىڭ تەھلىلىم قىسمەن دەرىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە دۇنيا ئۈچۈن ھەقىقىي «تېرورلۇق تەھدىتى»گە ۋەكىللىك قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى بەلگىلەشكە تايانغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر كىتابنىڭ «نېمىنى تېرورلۇق تەھدىتى دەپ قاراش، نېمىنى ئۇنداق دەپ قارىماسلىق كېرەك» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئىزاھلاشتا، «تېرورلۇق»قا (نەزەرىيىۋى، شوئار خاراكتېرلىك ئەمەس) ئەمەلىي ئېنىقلىما بەرگەنلىكى ئىنتايىن مۇھىم. مەزكۇر كىتابتا بۇ خىل مېتود قوللىنىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلار سادىر قىلغان ئىشلارنىڭ قايسىنى قانۇنلۇق، قايسىنى قانۇنسىز سىياسىي زوراۋانلىق» دەپ بېكىتىش كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ پوزىتسىيە بىلدۈرۈلۈپ، بۇ جەھەتتە قوراللىق توقۇنۇش توغرىسىدىكى خەلقئارالىق بەلگىلىمىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، دۆلەت بىلەن غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك ئىشتىراكچىلارغا ئوخشاش ئۆلچەم قويۇلدى.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

* ئەسەردىكى نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىغايسىز.

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**


NAZAR:
NIN
RK
USU
LTAYLI


روزى نەزەر

## رۇزى نەزەر ۋە ئۇنىڭ ھاياتى

ئۇ ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى مۇھىم كوزىرلىرىدىن بىرى، تۈركىيەدىكى بىر قانچە قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ بۆگۈنكى قەدەر ئوتتۇرىغا چىقمىغان سىرلىرىنىڭ شاھىتى، ئىراندا گۆرۈگە ئېلىنغان ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنى قۇتقۇزغان قەھرىمان دەپ قارىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بىر ئەسىرگە يېقىن ھاياتىدا خەلقئارا سىياسىي سەھنىدىكى ئاجايىپ ۋەقەلەرگە ئىشتىراك قىلغان، ھەتتا يىگىرمىنچى ئەسىر دۇنيا تارىخىنى ئۆز ھاياتىغا سىغدۇرغان بۇ شەخسنىڭ ھاياتى نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن يەنىلا سىردۇر.

بۈگۈن بىز ئۇشبۇ سىرلىق شەخسنىڭ ھاياتى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز.

ئۇنىڭ ئىسمى رۇزى نەزەر (1917 ـ 2015)، ئۇيغۇر پۇشتىدىن بولغان ئامېرىكا پۇقراسى، شۇنداقلا ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ داڭلىق جاسۇسىدۇر. ئۇ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەشكە بېغىشلىغان.

رۇزى نەزەر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناتسىست گېرمانىيەسىدە، كېيىن ئامېرىكا ۋە تۈركىيەدە تۇرغان. ئۇ 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە چەتئەلدە ۋەزىپە ئۆتىگەن دەسلەپكى 11 يىلنى ئامېرىكىنىڭ ئەنقەرەدىكى باش ئەلچىخانىسىدا، كېيىنكى 10 يىلنى گېرمانىيەنىڭ بون شەھرىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ 1979 ـ يىلى تېھراندا، 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئافغانىستاندا ئامېرىكاغا ۋاكالىتەن مەخپىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

### بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىلى

رۇزى نەزەر 1917 ـ يىلى فەرغانە ۋادىسىغا جايلاشقان مەرغىلان شەھرىدە تۇغۇلغان. رۇزى نەزەرنىڭ دادىسى جەمشىد مىرزاكئوغلى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان مەرغىلاندا يىپەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. رۇزى نەزەرنىڭ ئاپىسى تاجىنىسا روسىيە تاجاۋۇزىدىن ئىلگىرىكى قوقەند خانلىقىنىڭ داڭدار ئائىلىلىرىدىن بىرىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن ۋە روسىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن زامانىۋىيلىشىش لازىملىقىنى تەرغىب قىلىدىغان جەدىتچىلىك ئېقىمىنىڭ

تەسىرگە ئۇچرىغان ئايال ئىدى. ئۇ ئوغلىغا ئەرەب، پارس، رۇس تىللىرىنى، شۇنداقلا مۇشۇ تىللاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆگەتكەنىدى.

رۇزى نەزەر 10 ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئاكىسى يولداش قارى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مىللىي قارشىلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان دەپ ئېتىۋېتىلگەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، دادىسى رۇزى نەزەرنى زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسىدا تەربىيەلەشنى قارار قىلغان. ئۇ ئالدى بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى مەرغىلاندا تاماملىغان، ئاندىن تاشكەنتتىكى ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ كەچلىك مەكتەپكە بېرىپ خىمىيە دەرسىگە قاتناشقان. ئۆزبېكىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياشلار شۆبىسىگە ئەزا بولغان رۇزى نەزەر «مىللەتچى تەشكىلاتلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغان» دېگەن باھانە بىلەن، پارتىيەدىن ۋاقىتلىق توختىتىلغان. ئۇ موسكۋاغا قىلغان سەپىرى جەريانىدا مەزكۇر جازانىڭ بىكار قىلىنىشى توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنغان ۋە پارتىيەدىن توختىتىلغان باشقا دوستلىرى بىلەن بىللە قايتىدىن پارتىيەگە قوبۇل قىلىنغان.

## ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى

رۇزى نەزەر 1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئارمىيەگە قوبۇل قىلىنغان، شۇ يىلى ئەتىيازدا ناتسىست گېرمانىيەسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندا، ئۇكرائىنا ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلگەن. بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە ناتسىستلار گېرمانىيەسىگە يۈرۈش قىلغاندا ئېغىر يارىلىنىپ، ئۆز قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان. كېيىن، يولدىن ئۆتتۈۋاتقان باشقا قىسىمدىكى ئەسكەرنىڭ ياردىمىدە بىر ئۇكرائىن ئائىلىسىنىڭ ھويلىسىغا ئاپىرىپ قويۇلغان ۋە شۇ ئائىلىدىكىلەر تەرىپىدىن سالاھىيىتى يوشۇرۇلغان ھالدا داۋالانغان.

رۇزى نەزەر بۇ ئائىلىدە داۋالىنىپ، ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن، قايتىدىن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە قوشۇلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا ئۇكرائىنادا قىزىل ئارمىيە قالمىغانلىقىنى، ئۇ يەرنىڭ ناتسىستلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان. رۇزى نەزەر شۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئۆي ئىگىسى رۇزى نەزەرنىڭ ئامانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى 1920 ـ يىللاردا ئۇكرائىنادا بەرپا قىلىنغان ئۆزبېك يېزىسىغا جايلاشتۇرۇپ، قانۇنىي سالاھىيەت مەسىلىسىنىمۇ شۇ يېزىنىڭ ئاقساقاللىرى ئارقىلىق ھەل قىلىپ بەرگەن. نەتىجىدە، رۇزى نەزەر ئۇكرائىنالىق بولۇپ قالغان.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، رۇزى نەزەرنىڭ زېرەك ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىغان بىر ناتسىست سېرژانت، ئۇنى ئەينى ۋاقىتتا يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈركىستان بىرىگادىسىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان. بۇ بىرىگادا ئەسلىدە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى سېپىدە ئۇرۇش قىلغان ئەزەربەيجان، باشقۇرت، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا يۈز مىڭدىن ئاشقان. بۇ ئەسكەرلەرگە نىسبەتەن، بۇ قىسىمغا قاتنىشىش ناتسىست گېرمانىيەسىگە خىزمەت قىلىشتىن بەكرەك، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى.

رۇزى شۇ پولك تەركىبىدە شەرقىي فرونتتا ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، ئىككىنچى قېتىم يارىلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بېرلىندا ناتسىستلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقلىق كومىتېتى»دا ئالاقىچى قىلىپ تەيىنلەنگەن.

1945 ـ يىلى ئەتىيازدا، تۈركىستان پولكى شەرقىي فرونتتىن چېكىندۈرۈلگەن، قالغان ئەسكەرلەرمۇ ئىتالىيەنىڭ بولزانوغا يېقىن جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. گېرمانىيە قوراللىق قىسمى ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى ۋىلهېلم كەيتېل (Wilhelm Keitel) ئۆزى بىۋاستە رۇزى نەزەرنى بۇ قىسىملارنى قايتا تەشكىللەشكە بۇيرۇغان. رۇزى نەزەر ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ يالتادا قارار چىقىرىپ، ناتسىست گېرمانىيەسىدە قالغان بارلىق قىزىل ئارمىيە ئەزالىرى ۋە روسىيە پۇقرالىرىنى ۋەتىنىگە قايتۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىدىن ۋاقىپلانغان ۋە بۇنى ھەمراھلىرى ۋە يۇرتداشلىرىنى (گېرمانىيە ئەسكىرى سۈپىتىدە) ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشتىن قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشنىڭ پۇرسىتى دەپ قارىغان. ئەمما 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايغا قەدەر ئامېرىكا ئارمىيىسى ئىتالىيەنىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەچكە، گېرمانىيە ئىشغالىيەت باشقۇرۇش ئورگىنى پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ كەتكەندى. شۇ ۋەجىدىن، رۇزى نەزەر ئەتراپىدىكىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېتىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گېرمانىيەگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان.

## ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيە ھاياتى

ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، يەنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە ھەر تەرەپتىن قىستاپ كەلگەندە، رۇزى نەزەر گېرمانىيەگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزى ۋە ھەمراھلىرى ئۈچۈن ئەسكەردىن چېكىنىش ھۆججىتىگە ئېرىشكەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانۇنىي سالاھىيىتىنمۇ ئۆزگەرتكەن.

1945 ـ يىلى ناتسىست گېرمانىيەسى مەغلۇبىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ تەسلىم بولغاندا، رۇزى نەزەر باۋارىيەنىڭ روسېنخېيم بازىرىدا ئىدى. ئۇ ئىككى گېرمان ئائىلىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئىتتىپاقداش

ئارمىيەنىڭ ئەسكەرلىرىدىن يوشۇرۇنغان. ئەگەر تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، سوۋېت ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى مۇقەررەر ئىدى.

تىنچلىق ئورنىتىلىپ، روسىنخېم ئامېرىكانىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندە، ئۇ يوشۇرۇنۇشتىن ۋاز كەچكەن ۋە باۋارىيەدىكى مۆتىۋەرلەردىن بىرى، ناتسىستلارغا قارشى كاتولىك سوتچىسىنىڭ قىزى ئېمېلىندې روس (Emelinde Roth) بىلەن تونۇشۇپ قالغان. شۇنداقلا، ئۇلار 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا توي قىلغان ۋە كېيىنكى يىلى 8 ـ ئايدا، ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتى سىلۋىيا تۇغۇلغان.

ئۇ 1951 ـ يىلغىچە ناھايىتى جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەن. بىر تەرەپتىن تىرىكچىلىكىنى قامداشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قانچە ئۇكرائىنا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ميۇنخېندا قۇرۇلغان بولشېۋىكلارغا قارشى مىللەتچىلەر تەشكىلاتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەش قىلغان. بۇ تەشكىلات رۇزى نەزەرنىڭ ستېپان باندېرا (Stepan Bandera) ۋە ياروسلاۋ ستېتسكو (Yaroslav Stetsko) قاتارلىق دوستلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، رۇستىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى.

## ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى ھاياتى

ئامېرىكالىقلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا رۇزى نەزەرنىڭ تالانتىنى بايقىۋالغان. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا، رۇزى نەزەرنىڭ تۈركىستانلىق كۆچمەنلەر ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بىر سوۋېت جاسۇسىنى تېپىپ چىققانلىقىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى. رۇزى نەزەر 1951 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ سابىق پرېزىدېنتى تېئودور روزۋېلتنىڭ (Theodore Roosevelt) ئوغلى ئارخىبالد روزۋېلت (Archibald Roosevelt) تەرىپىدىن كولۇمبىيە ئۇنىۋېرستىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنستىتۇتىدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىنغان.

ئۇ ئالدى بىلەن «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ ئۆزبېكچە بۆلۈمدە ئىشلىگەن ۋە 1954 ـ يىلى ئارخىبالدنىڭ ئاچىسى ئېتېل روزۋېلتنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىگە رەسمىي خىزمەتكە چۈشۈپ، ۋاشىنگتونغا كۆچۈپ كەتكەن. شۇ چاغدا، روزۋېلت ئائىلىسىدىن كىم روزۋېلت (Kim Roosevelt) مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە جەنۇبىي ئاسىيا شۆبىسىنىڭ باشلىقى ئىدى.

1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئۇ يىگى دۆلەتكە ۋاكالەتەن ھىندونېزىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ «باندۇڭ يىغىنى»غا قاتنىشىپ، يىغىن جەريانىدا خىتاي ۋە رۇسىيەدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكە ئەھۋالىنى تەكىتلىگەن.

1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۇ يەنە قاھىرەدە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان. 1959 ـ يىلى 7 ـ ئاي ۋە 8 ـ ئايدا، ئۇ ۋېيېنادا ئۆتكۈزۈلگەن يەتتىنچى نۆۋەتلىك «دۇنيا ئوقۇغۇچىلار ۋە ياشلار فېستىۋالى»غا قاتناشقان ۋە بۇ يەردە يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىنغان كوممۇنىست شائىر نازىم ھېكمەت بىلەن ئۇچراشقان. رۇزى نەزەر ئۆز ئەسلىمىسىدە نازىم ھېكمەتنىڭ ئۇنىڭغا سىياسەتتىن ۋە سىياسەتچىلەردىن يىراق تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى يازغان.

رۇزى نەزەرنىڭ بۇ خىل يىغىنلاردىكى ۋەزىپىسى رۇسىيەدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكە ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن سىرت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلىرىنى تېپىپ چىقىش ئىدى.

## تۈركىيەدىكى ھاياتى

رۇزى نەزەر 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1971 ـ يىلىغىچە ئامېرىكانىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا ئىشلىگەن. ئۇ تۈركىيەگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنى 1960 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەنقەرەدە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. شۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ غوللۇق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان پولكوۋنىك ئالپئارسلان تۈركەش 1955 ـ يىلدىن باشلاپ تۈركىيەنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق دائىمىي ۋەكىللەر ئۆمىكىدە خىزمەت قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپلا، رۇزى نەزەرنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. بۇ قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ رۇزى نەزەر تۈركىيەگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يۈز بەرگەنلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بىرى بولغان ئالپئارسلان تۈركەش بىلەن بولغان قويۇق شەخسىي مۇناسىۋىتى. رۇزى نەزەرنىڭ، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش بىلەن مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزلەرگە سەۋەب بولغان بولسىمۇ، رۇزى نەزەر بۇنى ئىنكار قىلغان.

1960 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئالپئارسلان تۈركەش «تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقلىق كومىتېتى»دىن چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ، رۇزى نەزەرنىڭ تۈركەش بىلەن بولغان يېقىن دوستلۇقى داۋاملاشقان. رۇزى نەزەرنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان ئەنۋەر ئالتايلىنىڭ ئېيتىشىچە، رۇزى نەزەر ئامېرىكا باش ئەلچىسى ئارقىلىق، تۈركەش ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ جېنىنى (سايلامسىز ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەربىي ھۆكۈمەت) تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

تۈركىيەدىكى سولچىلار تەرىپىدىن مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى سۈپىتىدە تۈركىيەدىكى ئاشقۇن ئوڭچىلارغا ياردەم بەردى دەپ ئەيىبلەنگەن رۇزى نەزەر، ئۆز تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق تۈركىيە ئارمىيەسىدىكى سولچىل گۇرۇھلارنىڭ 1971 ـ يىلى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق

ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىنى، تۈركىيە مىللىي ئىستىخبارات تەشكىلاتىنىڭ (MIT) زامانىۋىلىشىشىغا ياردەم بەرگەنلىكىنى، يىللارچە ئامېرىكاغا تايىنىپ كەلگەن بۇ تەشكىلاتنى ئاخىرى ئامېرىكانىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

رۇزى نەزەرنىڭ ئەنقەرەدىكى چاغلىرىدىكى ئۆزگىچە ۋەقەلەردىن بىرى شۇكى، 1965 ـ يىلى ئۇنىڭ ئاپىسى ۋە سىڭلىسى تاشكەنت رادىيوسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ چارەك ئەسىردىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنىڭ بىردىنبىر ئىپادىسى ئىدى. سىڭلىسى مۇراجىئەتنامىدا رۇزى نەزەرنى يۇرتىغا قايتىشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاپىسى (سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن) تەييارلاپ قويۇلغان ئورگىنالغا پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭغا «قەيەردە بەختلىك بولساڭ، شۇ يەردە ياشا» دېگەن.

رۇزى نەزەر تۈركىيەدە ئىشلىگەن 11 يىل جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم مۇناسىۋەت تورى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ 1962 ـ ۋە 1963 ـ يىللىرىدىكى تالات ئايدېمىر قوزغىلىڭىغا يېقىندىن شاھىت بولغان. يېڭى «مىللىي ئىستىخبارات تەشكىلاتى قانۇنى»دىن تارتىپ «كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى» قۇرۇلۇشىغىچە بولغان نۇرغۇن ساھەلەردە پائال ھەرىكەت قىلغان. ئۇ يەنە تۈركىيە مىللىي ئىستىخبارات تەشكىلاتىنىڭ باش مۇشاۋىرى مەھمەت فۇئات دوئۇ بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورناتقان.

رۇزى نەزەر 1971 ـ يىلىغىچە ئەنقەرەدە ئىشلىگەندىن كېيىن، كەسپىي ھاياتىنىڭ قالغان قىسمىنى ۋاشىڭتون ۋە باشقا شەھەرلەردە ئۆتكۈزگەن. ئۇ زبىگنىيېۋ برژېنىسكىنىڭ (Zbigniew Brzezinski) كاپىتالىستىك تۈزۈم بىلەن سوۋېت كوممۇنىستىك تۈزۈمىنىڭ پەرقىنى بايان قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا يېقىندىن كۈچ چىقارغان.

ئۇ ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى ۋە ئامېرىكا مەمۇرىي كادىرلىرى ئارىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتچىلىك ئېقىمىنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئاجىزلىق سەۋەبىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يىمىرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## 1979 ـ يىلىدىكى يوشۇرۇن ئىران ھەرىكىتى

1979 ـ يىلى، ئىراندىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسى ئىشغال قىلىنغاندا، رۇزى نەزەر دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان ئالتە دىپلوماتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى مۆلچەرلەش ئۈچۈن، گېرمانىيەلىك ئافغان گىلەم ساتقۇچى سىياقىدا يوشۇرۇن ھالدا ئىرانغا كىرگەن. ئۇ ئىنقىلابتىن كېيىن ئىرانغا

كىرگەن تۇنجى ئامېرىكا ئەمەلدارى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ «ئارگو» (Argo) ناملىق مەخپىي ھەرىكىتىگە قاتناشقان.

رۇزى نەزەر مەزكۇر ھەرىكەتكە قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتقۇنلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىۋاستە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشنى كۈچلۈك تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەغلۇبىيەتلىك «بۈركۈت پەنجىسى ھەرىكىتى»دە بۈرنىغا يېگەن ئامېرىكا ھەربىي دائىرىلىرىنى بۇنىڭغا ماقۇل قىلالمىغان.

## ئافغانىستان سەپىرى

كېيىن رۇزى نەزەر قىزىل ئارمىيەدىن قاچقان ئۆزبېك ئەسكەرلەرنى ئامېرىكا قوشۇنىغا قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، بىر قانچە قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى ئافغانىستانغا بارغان. بۇ يەردە ئۇ ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى تۇرۇش جەھەتتە قوللىغان، غەربكە قارشى ئىسلامىي جىھاد رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان گۇلبەددىن ھېكمەتيار بىلەن كۆرۈشكەن. رۇزى نەزەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئامېرىكاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە رادىكال ئىسلامىي تەشكىلاتلارنى قوللىماسلىق كېرەكلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى رەھبەرلەر بۇ تەكلىپنى نەزەردىن ساقىت قىلغان.

## سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن

1991 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، ئۆزبېكىستان مۇستەقىللىقكە ئېرىشكەندىن كېيىن، يەنى ئەللىك يىللىق جۇدالىقتىن كېيىن، رۇزى نەزەر يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ 1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تاشكەنت ۋە مەرغىلاننى زىيارەت قىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەردىن ھايات قالغانلار بىلەن كۆرۈشكەن. پرېزىدېنت ئىسلام كەرىموف ئۇنى يۇرتىغا قايتقان قەھرىمانلارنى كۈتۈۋالغاندەك قارشى ئالغان.

## پەرزەنتلىرى

رۇزى نەزەرنىڭ سىلۋىيا ۋە ئەركىن ئىسىملىك ئىككى بالىسى بار. ئۇنىڭ قىزى سىلۋىيا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىقتىسادىي ئاخباراتچىلىق كەسپىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، دەرس بەرمەكتە.

**ئۆلۈمى**

**ژۇرنالىست سونېر يالچىننىڭ ماقالىسىدە قەيت قىلىنىشىچە، رۇزى نەزەر 2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئوغلى ئەركىن تەرپىدىن تۈركىيەنىڭ فەتھىيە شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە ئېلىپ كېلىنگەن ۋە ئاشۇ ساناتورىيەدە جان ئۈزگەن.**

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىغان



# خىتاي تەشۋىقاتىنىڭ بۈگۈنكى ئالاھىدىلىكى

جەۋلان ئۇيغۇر

# ختاي تەشۋىقاتىنىڭ بۈگۈنكى ئالاھىدىلىكى

ئامېرىكا باشلىق بىر نەچچە دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت ياكى پارلامېنتلىرىدا ئۇيغۇرلارغا كەلگەن پاجىئەلەرنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ قارار ئېلىنىشى، بۇنداق قارار يەنە باشقا دۆلەتلەردىمۇ قوبۇل قىلىنىش ئېھتىماللىقى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ «ئىرقى قىرغىنچىلىق»تا جىنايىتى بار دېيىلگەن تۆت ختاي ئەمەلدارىغا جازا يۈرگۈزۈشى، 2022 ـ يىلدا ختايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش سادالىرى ختايىنى بەكلا ئەنسىرىتىپ قويىدى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە بەك قاتتىق كۆرۈنسىمۇ، ياۋروپانىڭ تېخىمۇ قاتتىق بولۇشىدىن، «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرەۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ختاي ھۆكۈمىتى بۇ دولقۇننى توسۇپ قېلىش، ھېچ بولمىسا ئاجىزلىتىش مەقسىتىدە، بۇ قېتىمقى دەرىجىسى يۇقۇرى، كۆلىمى چوڭ بولغان، قوللانغان ۋاستىلىرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل بولغان تەشۋىقاتلىرىنى دۇنياغا يايدى. ختاي دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا دۆلەتلىك تېلىۋىزىيە قاناللىرىنى، ئەڭ مۇھىم تەشۋىقات قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ، تەشۋىقات ھۇجۇمى قىلىۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى تەشۋىقات ھۇجۇمىنىڭ ئاساسى نىشانى ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقان ئامېرىكا باشلىق غەرپ دۆلەتلىرىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، سىياسىئونلار، دۇنياۋى تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە تەتقىقاتچىلاردۇر. ئۇيغۇرلارنى جىنايەتچى قىلىپ كۆرسىتىپ، بۇلارنى يالغانچى، تۆھمەتچى، ئۇيغۇر تېرورچىلىرنى قوللاپ قەستەن ختاي دۈشمەنلىكى قوزغاۋاتىدۇ دەپ تەشۋىق قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئارىسىدا قايمۇقۇش پەيدا قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. چەتەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە بولسا، ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق چىقىرىشقا كۈچەۋاتىدۇ. ھازىر ختايىنىڭ تەشۋىقات ھۇجۇمى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نوقتىدا ئىپادىلەندى.

1. لاگېر مەسلىسى دۇنيانىڭ كۈنتەرتىپىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ختايلار خەلقئارانى ئالداش ئۈچۈن، سەھنىلەشتۈرۈلگەن لاگېرلارنى ياساپ، بەختىيارلىقتا قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان لاگېر تۇتقۇنلىرنى ياساپ چىققان ۋە ئۇيغۇرلارنى ئۆي ـ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىپ، كوچا ـ كويلاردا ئۇسسۇل ئوينىتىپ قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىسى ياراتقان بولسىمۇ، بۇ ھۈنەرلەر ئاقماي قالدى. شۇڭلاشقا سىرتقا بولغان تەشۋىقاتتا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھېچقانداق چەكلىمىسىز نورمال تۇرمۇش كۆچۈرىۋاتىدۇ، دېگەن تەسىراتىنى بېرىش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدە بىر نەچچە سەنئەت تۈرلىرىنى يولغا

قويۇپ، يۇتيۇب قانىلى ئارقىلىق چەتئەللەرگە تۇختىماي كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقى ھەر قېتىم ئېغىر بەدەل تۆلىگەندە، سەنئەت پائالىيەتلىرى جانلىنىپ كېتىدۇ، خىتايلارنىڭ ناخشا-مۇزىكىنى جاراڭلىتىپ قويۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈشى ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. خىتايلار ئۈرۈمچىدە ۋە بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ «خىتاينىڭ قانۇن ۋە نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلمىغان» ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتلىرىغا بېرىپ تۇغقان يوقلىشىغا يول قويىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەقسەت ئېنىق — ئۇيغۇرنى پارچىلاش. ئۇيغۇر ھەرىكىتىنىڭ ئاممۋى ئاساسىغا زەربە بېرىش، ۋەزىيەت ئۆزگەرسە بېرىپ ئىشلىرىمىزنى پۈتكۈزسەك، بۇرۇنقىدەك تاماشا قىلىۋالساق دەپ ماراپ ياتقانلاردا ئۈمىت پەيدا قىلىش، يىللاردىن بۇيان تۆشۈكىدىن چىقماي ياتقان ئۇيغۇرلارغا ئۇۋۇسىدا جىم يېتىشنىڭ ئاقىلانىلىك ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. بەلكى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان خىتاي ئەلچىخانىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلەرنى، خىتاينىڭ ھەر بىر بايراملىرىدا ئۆز توپلىرىدا تەبرىك سۆزلىرىنى يوللاپ تۇرغانلارنى ئالدىن ئۇرۇنلاشتۇرار. خىتاي ئۇزاقنى ئويلايدۇ. خىتاينىڭ قانۇن ۋە نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلمىش دېگىنى ۋاقتى كەلگەندە بەش ياشلىق باللارغىمۇ ماس كېلىۋېرىدۇ.

2. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلۇش ھارپىسىدا غۇلجا شەھىرى ئاساسەن ئازات بولۇپ، پەقەت ئايردروم ۋە ھەرەمباغدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇندا دۈشمەنلەر قاتتىق قورشاۋغا ئېلىنغان ئىدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتىمۇ گومىنداڭ قوشۇنىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەسكەرلەر قاتتىق قارشىلىق قىلىپ، مىللىي ئارمىيەنى زىيانغا ئۇچراتقان ئىكەن. ئۇ چاغلارغا قارىغاندا ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى كۆپ كۈچلەندى. ئۇلا رېۋل ۋە ھەر خىل ئىمتىيازلارنى ۋەدە قىلىپ چەتەللىكلارنىمۇ ئىشقا سېلىۋاتىدۇ، ئېغىر سىياسىي تەھدىت ۋە نەپ ئارقىلىق يۈزلەپ-مىڭلاپ ئۇيغۇرنى سېتىۋالايدۇ، ئىشلىتەلەيدۇ. شەرقى تۈركىستاندىكى نەچچە يۈزلىگەن تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىدا ئىشلەۋاتقان ۋە ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى بىلمەيمىز. شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە چەتئەللەردىكى خىتاي ئۈچۈن مەخپىي ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ سانىنى بىلمەيمىز. لازىم بولغاندا خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكە مىللەتلەردىن قورچاق قوشۇن تەشكىللىسىمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ھەرقانداق بىر مۇستەملىكىچى لازىم بولغاندا مۇشۇنداق قىلىدۇ. خىتاي بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئۆزى تۈرۈشلۈق دۆلەتلەرنىڭ قانۇنى چەكلىمىسىدە ھەرىكەت قىلىدىغىنىنى بىلگەچكە، ياللىۋالغان جاسۇسلىرىنى يۇشۇرۇن سەپتىن ئالدىغا چىقىرىپ بىز بىلەن ئاشكارە تىركىشىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق رولنى ئويناۋاتقانلارنى بىز دۈشمەن ھېساپلايمىز، چۈنكى بۇ كۈرەش ئەسلىدىنلا ھايات-ماماتلىق كۈرەشى. بۇ يالالانىملار يېنىمىزدا تۇرسىمۇ بىز

جازالىيالمايمىز، لېكىن بىز خىتاينىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق ساق قالمايمىز. بۇ مەسىلىدە «ئىلمىي» بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش خاتا. ئۇلار خىتايدىن ئۆزئۆل ـ كېسەل قول ئۈزمىگۈچە بىزگە دۈشمەن. «ئىلمىي پوزىتسىيە» سالاپەتلىك ئەمەس، خۇشامەتچىلىك ئەمەس، بەلكى دۈشمەننى تونۇش، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشتۇر.

3. ئۇيغۇر ـ قازاق ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغان بىر قىسىم ئادەملەر پەيدا بولدى. ئۇيغۇر ـ قازاق ـ قىرغىز بىرلەشمە گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ ئۆزلىرىنى مىللەت ۋەكىللىرى دەپ كۆرسىتىپ، خەلقئارادىكى ئايرىم تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇيغۇر پائالىيەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولىۋاتىدۇ. خىتايلار شەرقى تۈركىستاندا مەھكۇم مىللەتلەرنى ئۆز ـ ئارا دۈشمەنلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلدى. بۇنداق بولغاندا مەھكۇم مىللەت قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا خىتاينىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن دەردىنى تۆكىدىغان، ياردەم تەلەپ قىلىدىغان، ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىدىغان بولىدۇ. قازاقىستاندا بىر مەزگىل ئۆزىگە ئالتۇن ھەل بېرىپ ئامېرىكاغا كېلىۋالغان سېرىكجان بىلاشنىڭ يېقىنقى سۆزلىرىدىنلا ئۇنىڭ نىشانى جازا لاگېرلىرى، ئىرقى قىرغىنچىلىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى دەۋانى بۇراش، ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقى سېلىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدىمۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوسمان ئىسلامنى قۇراللاندۇرۇپ مىللى ھۆكۈمەتكە قارشى ئىشلەتكەن ئىدى.

4. بۇلتۇر ئامېرىكادا بىز تەقەززارلىق بىلەن كۈتكەن «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى» تەستىقلانغان ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ خىتاينىڭ قارشى ھۇجۇمى بىلەن تەڭلا رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىگە ھۇجۇم باشلاندى. ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان تەشۋىقات ھۇجۇملىرىدا بىر ئوخشاشلىق بار. بۇنى ئۇدۇل كېلىپ قېلىش دەپ ئاددىيلا چۈشەنسەك بولمايدۇ. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز ۋە رەھبەرلىرىمىزگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلار ئاساسەن دونيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭمۇ رولىنى ئىنكار قىلىدۇ. رەھبەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇلار ئالدى بىلەن تەسىرى چوڭلىرىنى يوقىتىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئۆزلىرىگە بەك تەمەننا قويىۋالغان دىتىسىزبىلىمدانلار خۇددى 70 يىلدىن بۇيان بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز ۋە مىليونلىغان خەلقىمىز ھېس قىلالمىغان، ئۇقماي قالغان قانداقتۇر يوشۇرۇن سىرلارنى تېپىپ چىققاندەك، ھەقنى سۆزلەشكە پەقەت ئۆزىلا جۈرئەت قىلغاندەك تورلاردىن ۋە خىتاي بېسمى ئاستىدا يېزىلغان تەشۋىقاتلارنى ئاساس قىلىپ، زامان، ماكان، قىلىنغان سۆزلەرنىڭ كونكېرت ئوبيېكتى، چۈشەنچىسى ئايدىڭلاشمىغان پاكىتلىرى ئارقىلىق تارىخىي

رەھبەرلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى خائىن، ساتقىنغا چىقاردى. بۇ ئىنقىلاپقا قاتناشقان شەھىدلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققان ئەۋلاتلىرىنىمۇ قارىلىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ، يۈرىكىدە ئوت كۆيۈۋاتقان ھەر ـ بىر ئۇيغۇرنىڭ روھى تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ پىسخىكىسىنى بىلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمغا ئۇدۇل ھۇجۇم قىلىش ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ ـ نەپرەتنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىنى ۋەتەنپەرۋەر، كوممۇنىستىك پارتىيەنى قوللايدىغان قىلىپ ئوراپ ـ قاچىلاپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق بىرىنچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى يوشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقىدەك سەلبىي تەسىرلەرنى قوزغاپ، خەلقنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈشنى، ئىدىيۋى قالايمىقانچىلىق چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان. بۈگۈنگە كەلگەندە ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز روھى بىزنىڭ كۈرەش ئۈلگىمىز بولىۋاتقىنى، 75 يىلنىڭ ئالدىدا مۇستەقىل دۆلەت قۇرغىنىمىزنىڭ ئىسپاتى بولىۋاتقانلىقى ئۈچۈن خىتاي تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ ئىنقىلاپنى خائىن، ساتقىنلارنىڭ ھەركىتى دېيىش ئارقىلىق بۈگۈنكى مۇستەقىللىق كۈرەشىمىزنى ھاقارەتلىمەكچى ۋە ئىنكار قىلماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەشۋىقاتى، بىر قىسىم بىلىمى بار دىتى يوق ئادەملەرنىڭ گېپى بىلەن بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق ئادەم ۋە ھەر قانداق مىللەت ئەجداتلىرىدىن روھىي ئوزۇق ئىزدەيدۇ. بىزدىكى دىتسىزلار ئۆز ئەجداتلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ.

خىتاي مۇشۇ خىل تەشۋىقاتلىرى بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. ئويۇن داۋاملىشىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇندىن كېيىن خىتاي ئۆلكىلىرىدە قۇل ئىشچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلىرىمىزدىن يېڭى سەھنىلەر تەييارلىنىپ ئۇلارنىڭ «بەختىلىك» تۇرمۇشىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز مۇمكىن. ھەتتا ئۇلاردىن «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى» چىقىپ تەشۋىق قىلىنىشى، جازا لاگىر ۋە تۈرمىلەردىنمۇ ياخشى ئۆزگەرگەن تىپلار چىقىپ خىتاي قانۇنلىرىنىڭ ئادىللىقىنى تەشۋىق قىلىشى مۇمكىن. 2009 ـ يىلدىكى شاۋگۈەن زوراۋانلىقى ۋە «ئۈرۈمچى قەتلىئامى» دىن كېيىن رەيھانگۈل ۋە ئالىم كاۋاپ قاتارلىق تىپلارنى زورلاپ مەيدانغا چىقىرىپ پايدىلانغان ئىدى.

5. مىللەتپەرۋەر زىيالىيلار زېھنىنى چوڭ ۋەزىيەتكە مەركەزلەشتۈرۈپ، خىتاي تەشۋىقاتلىرىنىڭ بىسىنى قايرىۋېتىشكە كۈچ چىقىرىشى لازىم. ھازىرقى زامان زىيالىي ئۇقۇمى — مەلۇم بىر ساھەدە مۇئەييەن دەرىجىدە مۇستەقىل ئىدىيۋى سېستىما يېتىلدۈرگەن كىشلەرنى كۆرستىدۇ. زىيالىيلارنىڭ ۋەزىپىسى — شەيئىيلەرنىڭ، ھادىسلەرنىڭ ماھىيىتىنى بايقاشتۇر.

سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن دېگەن زىيالىيدا سىياسىي سەزگۈرلۈك بولۇشى لازىم. چوڭ ۋەزىيەتتىكى ھەر ـ بىر ئۆزگۈرۈشلەرنى سىياسىي نوقتىئىينەزەر بىلەن كۆزىتىشى ۋە تەھلىل قىلىشى كېرەك. قېلىپلاشقان، فورمۇلالاشقان نەزىرىيەلەر بىلەن كونا ئۆتكۈزىدىغان، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە ئىچكىرلەپ كىرەلمەيدىغانلار پەقەت سىياسىي گەپدانلاردۇر.

ھازىر بىزدە 70 تىن ئارتۇق تەشكىلات بار ئىكەن. ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئۆز مەيدانىنى ئىپادىلىشى، سۈكۈتتە تۇرماسلىقى. تەشكىلات رەھبەرلىرى سىياسىيونلارنى، مۇخپىرلارنى ئاكتىپلىق بىلەن زىيارەت قىلىپ خىتايغا نارازىلىقنى بىلدۈرۈشى، بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز، يازارمەنلىرىمىز پاكىتلار ئارقىلىق خىتاينىڭ ئويۇنلىرىنى پاش قىلىشى لازىم.

بارىن قەتلىئامى، غۇلجا قەتلىئامى، ئۈرۈمچى قەتلىئامى ۋە باشقا قەتلىئاملارنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنىشى، قىرغىنچىلىق جەريانىدىكى جىنايەتلىرىنى دەپ بولغان ئىشلار دىمەي جامائەتچىلىككە قايتا ـ قايتا تەشۋىق قىلىنىشى لازىم. چۈنكى خىتاينىڭ بۈگۈن تەشۋىق قىلۋاتقىنىمۇ ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا سىنغا ئېلىپ پۈتۈن دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ھارماي تەشۋىق قىلغان مەزمۇنلار ئىدى. بۇ قېتىم ئۆزلىرى ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاچقا قايتا ئوتتۇرىغا چىقاردى. بىز سۆزلىمىسەك ئۇلار تېخىمۇ سەكرەيدۇ. شۇڭلاشقا چەتئەل سىياسىئونلىرى ۋە مۇخپىرلار بىلەن ئۆتكەزگەن سۆھبەتلىرىمىزدە تەييارلىقنى ياخشى قىلىپ تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان يېڭىچە كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشايلى.

جەۋلان ئۇيغۇر تەييارلىدى



مىسلىسىز ئويغىنىش

# خىزمەت ئۈنۈمى ۋە بەختلىك ھايات

براين چىيىسى

# خىزمەت ئۆنۈمى ۋە بەختلىك ھايات

براين چېيىسى (ئامېرىكا)

«مەيلى قەيەردە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، بارچە ئىمكانىيىتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، قولىڭىزدىن كېلىدىغانىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قىلىڭ» ــ تېئودور روزۋېلت

**بارلىق خىزمەتلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئۈچ يادرولۇق ۋەزىپىلا شىركىتىڭىز ۋە تەشكىلاتىڭىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىكتۇر. ئەگەر خىزمەتتە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، چوقۇم بۇ «ئۈچ» قانۇنىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىڭىز، ئاندىن پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئۇلارنى ياخشى قىلىشىڭىز كېرەك. ئالدى بىلەن سىزگە بىر ھەقىقىي ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي.**

**سىنتىيا (Cynthia) ئىلگىرى سان دىياگودا مېنىڭ تەربىيەلەش كۇرسىمغا قاتناشقانىدى. ئۇ كۇرسقا ئۈچ ئاي قاتناشقاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن تۇنجى قېتىم بۇ كۇرسقا قاتناشقاندا، سىز ماڭا مۇشۇ كۇرس ئارقىلىق بىر يىل ئىچىدە مائاشىمنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ، بوش ۋاقتىمنى بىر ھەسسە كۆپەيتەلەيدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىڭىز، بۇ ئاڭلىماققا مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما مېنىڭ يەنىلا سىناپ باققۇم كەلگەنىدى».**

**«تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ تۇنجى كۈنى، سىز مەندىن بىر تىزىملىك تۈزۈپ، بىر ھەپتە ياكى بىر ئاي ئىچىدە قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ئىشلارنى يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدىڭىز. مەن جەمئىي 17 ئىشنى تىزىپ چىقتىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ خىزمەت دائىرەمدىكى ئىشلار ئىدى. مېنىڭ مەسىلەم شۇ ئىدىكى، مېنى ئىش بېسىۋالغانىدى. مەن ھەر كۈنى 10 ـ 12 سائەتلەپ، ھەپتىدە ئالتە كۈن ئىشلىمىسەم بولمايتتى. ئەمما، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى».**

**«ئۆتكەن سەككىز يىلدا، مەن بىر يۇقىرى تېخنىكا شىركىتىدە ئىشلىدىم. بۇ شىركەت ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغانىدى، ئەمما قولۇمدىكى خىزمەتلەر قاندىلا قىلسام تۈگىمەيتتى، ۋاقتىم پەقەتلا يېتىشمەيۋاتاتتى».**

ئەگەر كۈندە پەقەت بىرلا ئىشنى قىلسىڭىز. . .

سىنتىيا ئۆز ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى: «مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە ئاساسەن، تىزىملىك تەييارلىغاندىن كېيىن، سىز مەندىن ‹ئەگەر ھەر كۈنى پەقەت بىرلا ئىشنى قىلىشىڭىزغا توغرا كەلسە، قايسى ئىش شىركىتىڭىزگە ئەڭ زور تۆھپە قوشالايدۇ؟› دەپ سورىدىڭىز».

«بۇ تولىمۇ ئاددىي سوئال ئىدى، مەن بۇ خىزمەتنى تېزلا تاپتىم ۋە ئەتراپىغا چەمبىرەك سىزىپ بەلگە قويدۇم».

«ئاندىن كېيىن، سىز مەندىن يەنە ‹ئەگەر يۇقىرىقىدىن باشقا، يەنە بىرلا ئىشنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا قايسى ئىش شىركىتىڭىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم؟› دەپ سورىدىڭىز».

«مەن بۇ قېتىممۇ يەنە بىر ئىشنى تاللىغاندىن كېيىن، سىز مەندىن يەنە ئوخشاش سوئالنى سورىدىڭىز ۋە ئۈچىنچى مۇھىم ئىشنى تاللىشىمنى تەلەپ قىلدىڭىز».

«شۇنىڭدىن كېيىنكى سۆزلىرىڭىز مېنى ھەيران قالدۇردى. سىز: ‹مەيلى بۇ ئۈچ ئىشنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ شىركەتكە قوشقان تۆھپىڭىزنىڭ توقسان پىرسەنتى مۇشۇ ئۈچ مۇھىم ئىشتىن كېلىدۇ. سىز قىلىدىغان باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە ياكى تولۇقلىما خىزمەتلەر بولۇپ، بۇلارنى باشقىلارغا تاپشۇرسىڭىز، ياكى ئازراق قىلسىڭىز، ھەتتا قىلمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ› دېدىڭىز».

دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ

سىنتىيانىڭ ھېكايىسى داۋاملاشتى.

«مەن ئۆزۈم تاللىغان ئۈچ ۋەزىپىنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ مېنىڭ شىركەتتىكى قىممىتىمنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى تېزلا ھېس قىلدىم. ئۇ جۈمە كۈنى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا، مەن باشلىقىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئالدىنقى جۈمە كۈنى بايقىغانلىرىمنى ئۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرە قىلىشتىم. مەن ‹ئاشۇ ئۈچ مۇھىم ۋەزىپىدىن سىرت، قالغان ئىشلارنى باشقىلارغا تاپشۇرۇش بېرىشنى ئويلايمەن، ئەمما بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، سىزنىڭ ياردىمىڭە موھتاجمەن. مەن خىزمەت جەريانىدا بارلىق زېھنىمنى مۇشۇ ئۈچ ئىشقا سەرپ قىلسىلا، شىركەتكە كەم دېگەندە بىر ھەسسە ئارتۇق تۆھپە قوشالايمەن› دېدىم ۋە ئۇنىڭغا ‹شىركەتكە قوشقان تۆھپەم ھەسسىلەنسە، مائاشىمنىڭمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆسۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن› دېيىشنى ئۇنتۇمىدىم».

سىنتىيا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق دېدى:

«مەن بۇ سۆزلەرنى دېگەندىن كېيىن، باشلىقىم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، بىردەم تىزىملىكىمگە، بىردەم ماڭا قارىدى ۋە ئاخىرىدا <چاتاق يوق> دېدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى سائەت 10:21 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى».

«ئاندىن ئۇ ماڭا: <توغرا ئېيتتىڭىز، بۇلار ھەقىقەتەن سىز شىركەتتە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشلار، شۇنداقلا سىز ئەڭ ياخشى قىلغان ئىشلاردۇر. مەن قالغان ئىشلارنى باشقىلارنىڭ قىلىشىغا ئورۇنلاشتۇرىمەن، شۇنداقتا سىز ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان ئىشلارغا پۈتۈن زېھنىڭىزنى ئاجرىتالايسىز. ئەگەر سىز شىركەتكە قوشقان تۆھپىڭىزنى بىر ھەسسە ئاشۇرالىسىڭىز، شىركەتمۇ سىزگە ھازىرقىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق مائاش بېرىدۇ> دېدى».

## تۇرمۇشىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ

سىنتىيا ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «باشلىق گېپىدە تۇردى، ئۇ ماڭا نىسبەتەن ئۇششاق - چۈششەك ۋە مۇناسىۋەتسىز ئاشۇ ئىشلارنى باشقىلارغا تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ، مەن زېھنىمنى ئۆزۈم ياخشى قىلالايدىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرەلىدىم. مەن باشلىقنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئايدا، مەن تاماملىغان خىزمەت بىر ھەسسە كۆپەيدى، شىركەتمۇ ماڭا ئىككى ھەسسە مائاش بەردى».

«مەن شۇنىڭدىن ئىلگىرى، سەككىز يىل جاپالىق ئىشلىگەنىدىم. ھالبۇكى، مەن بارلىق ۋاقتىم ۋە كۈچۈمنى ئەڭ مۇھىم ئۈچ ئىشقا مەركەزلەشتۈرگەندە، بىر ئايدىن كېيىنلا، مائاشىم ھەسسىلەندى. مەندىكى ئۆزگىرىش بۇلارلا ئەمەس. مەن ئىلگىرى كۈندە 10 - 12 سائەت خىزمەت قىلاتتىم. ئەمما ھازىر، ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن چۈشتىن كېيىن سائەت بەشكىچىلا ئىشلەيمەن. ئاخشاملىرى ۋە ھەپتە ئاخىرىدىكى ۋاقىتلىرىمنى بالا - چاقىلىرىم بىلەن ئۆتكۈزىمەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئۇسۇل مېنىڭ ھاياتىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى».

خىزمەت ئورنىدا ھەممىدىن بەك تەكىتلىنىدىغىنى «تۆھپە»دۇر. بىر كەسپىي خادىمغا نىسبەتەن، ئىقتىسادىي ۋە ھېسسىي جەھەتتىكى ھوسۇل ئۇنىڭ قىلغان خىزمىتى ياكى تۆھپىسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۈزىدۇ. كىرىمىڭىزنى ئاشۇرماقچى بولسىڭىز، چوقۇم شىركەتكە بولغان قىممىتىڭىزنى ئاشۇرۇشىڭىز، شىركىتىڭىزگە تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ قىممىتىڭىز ئۆزىڭىز قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۈچ ئىشتىدۇر.

## تېز تىزىملىك مېتودى

ھەر قېتىملىق تەربىيىلەش كۇرسى باشلانغاندا، مەن تەربىيەلەنگۈچىلەرنى مۇنداق بىر سىناقتا قاتناشتۇرىمەن. يەنى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر پارچە قەغەز بېرىپ، ئاندىن ئۇلارغا: «30 سېكۇنت ئىچىدە تۇرمۇشىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ نىشاننى يېزىڭ» دەيمەن.

بىز بۇ ئارقىلىق شۇنى بايقىدۇقكى، كىشىلەرگە ئەڭ مۇھىم ئۈچ نىشاننى يېزىشقا پەقەت ئوتتۇز سېكۇنتلا ۋاقىت بېرىلسە، ئۇلارنىڭ جاۋابى ناھايىتى توغرا چىقىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسى 30 مىنۇت ياكى ئۈچ سائەت ئويلانغاندىن كېيىنكى بىلەن ئوخشاش بولىدىكەن. ئۇلار (ئوتتۇز سېكۇنتلا ۋاقىت بېرىلگەن) ئاشۇ خىل شارائىتتا، يوشۇرۇن ئېڭىدە «دەرىجىدىن تاشقىرى نۇر تېزلىكى» ھالىتىگە كىرگەندەك قىلاتتى ۋە ئەڭ مۇھىم ئۈچ نىشان تەرەددۇتسىزلا ئۇلارنىڭ كاللىسىغا كىرىپ، قەغەزگە يېزىلاتتى. بۇ جەرياندىكى سۈرئەتنىڭ تېزلىكى مۇشۇ مەشىقنى قىلغانلارنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

بىز يەنە ئىستاتىستىكا ئارقىلىق سەكسەن پىرسەنت كىشىلەرنىڭ مەزكۇر ئۈچ نىشانىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق: بىرىنچى نىشان ئىقتىساد ۋە كەسىپكە ئالاقىدار؛ ئىككىنچى نىشان ئائىلە ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار؛ ئۈچىنچىسى ساغلاملىق ياكى جىسمانىي جەھەتتىكى نىشان.

ئەلۋەتتە، بۇ ئەسلىدىنلا ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۈچ تەرىپى بولغاچقا، بىز جاۋابىنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى پەملىگەنىدۇق. ئەگەر سىز ھەر بىر جەھەتنى 1 دىن 10 غىچە 10 دەرىجىگە ئايرىسىڭىز، قايسى تەرەپنى ياخشى قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى، قايسى تەرەپنىڭ يەنىلا بەلگىلىك دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالالايسىز. بۇ سىناقنى ئۆزىڭىز ئىشلەپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىز جۈرئىڭىز ياكى بالىڭىزغىمۇ ئوخشاش سىناقنى قىلغۇزۇپ باقسىڭىز بولىدۇ، جاۋاب چوقۇم سىزگە ئەسقاتىدۇ.

بىز كېيىنكى مەشىق جەريانىدا، بۇ سىناققا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار سوئاللارنى قوشتۇق:

(1) مۇشۇ پەيتتە، كەسپىي ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ نىشانىڭىز نېمە؟

(2) مۇشۇ پەيتتە، ئائىلە ياكى مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ نىشانىڭىز نېمە؟

(3) مۇشۇ پەيتتە، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ نىشانىڭىز نېمە؟

(4) مۇشۇ پەيتتە، ساغلاملىق جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ نىشانىڭىز نېمە؟

(5) مۇشۇ پەيتتە، شەخسىي ياكى كەسپىي تەرەققىيات جەھەتتە ئەڭ مۇھىم ئۈچ نىشانىڭىز نېمە؟

(6) مۇشۇ پەيتتە، ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتە ئەڭ مۇھىم ئۈچ نىشانىڭىز نېمە؟

(7) مۇشۇ پەيتتە، سىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم ئۈچ مەسىلە قايسى؟

ئەگەر ئۆزىڭىزنى بۇ سوئاللارغا ئوتتۇز سېكۇنت ئىچىدە جاۋاب بېرىشكە زورلىسىڭىز، جاۋابىڭىزدىن هالاك ـ تالاك قىلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھاياتىڭىزنىڭ رېئال كارتىنىسىدۇر. بۇ جاۋابلار سىزگە تۇرمۇشىڭىزدا نېمىلەرنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

مەيلى ئۆزىڭىزنىڭ نىشانى ۋە پىلانىڭىزنى تۈزۈش بولسۇن ياكى ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىنى ئەڭ ياخشى نامايەن قىلالايدىغان خىزمەتنى چىن دىلىڭىزدىن تاماملاش بولسۇن، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىڭىزنىڭ بەختلىك، ساغلام ياشاش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

ۋاقىت باشقۇرۇش نىشانغا يېتىشنىڭ ۋاستىسىدۇر

ۋاقىت باشقۇرۇش ماھارىتىنى ئۆگىنىشتىكى ئاساسلىق مەقسەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، سىز بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي مۇھىم خىزمەتنى قىلالايسىز ۋە تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ۋە قانائەت ھاسىل قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلالايسىز.

بەزى تەتقىقاتلارغا كۆرە، ھاياتتىكى بەختىنىڭ 85 پىرسەنتى باشقىلار بىلەن، بولۇپمۇ سىز بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن كىشىلەر بىلەن ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىڭىز بىلەن بولغان ئىناق مۇناسىۋەتتىن كېلىدۇ. يېقىن ئادەملىرىڭىز بىلەن قانچىلىك ۋاقىتنى بىللە ئۆتكۈزۈشىڭىز كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭىزنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق ئامىلدۇر.

ۋاقىت باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشتىكى مەقسەت ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتۇر. چۈنكى، ئۈنۈمىڭىز ئاشسا، سىز تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىڭىزنى يېقىنلىرىڭىز بىلەن ئۆتكۈزەلەيسىز، ھەمدە ئۆزىڭىزگە ئەڭ زور دەرىجىدە خۇشاللىق ئاتا قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالايسىز.

پاقا يېيىش قانۇنىيىتى

شىركەتتىكى ۋاقتىڭىزنىڭ سۈپىتى، ئائىلىدىكى ۋاقتىڭىزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئەڭ مۇھىم.

خىزمەت ۋاقتىدا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئىشلەڭ

ئەگەر تۇرمۇشىڭىزدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىماقچى بولسىڭىز، چوقۇم ئۆزىڭىزنى خىزمىتىڭىزگە بېغىشلىشىڭىز كېرەك. شىركەتكە كىرگەندىن كېيىن، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، خىزمەتكە باشچىلاپ كىرىپ كېتىڭ. خىزمەتكە باشقىلارغا قارىغاندا بالدۇرراق بېرىڭ، كېيىنرەك ئىشتىن چۈشۈڭ، تېخىمۇ تىرىشىڭ، خىزمەت ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماڭ. ئەگەر خىزمەتداشلىرىڭىز بىلەن ئۇششاق ـ چۈششەك پاراڭ سېلىششقا

ياكى باشقا ئىشلارغا ۋاقىت ئىسراپ قىلسىڭىز، ئۇنداقتا، خىزمىتىڭىزدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، چوقۇم بىر ئاماللارنى قىلىپ شۇ ۋاقىتنىڭ ئورنىنى تولدۇرمىسىڭىز بولمايدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى، خىزمەت جەريانىدا ۋاقتىڭىز قانچە ئىسراپ بولسا، ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتىڭىز شۇنچە ئازىيىدۇ. چۈنكى، ۋاقىت ئىسراپ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، يا ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش ئۈچۈن شىركەتتە قېلىشىڭىزغا، ياكى كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىنمۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر خىزمەت ۋاقتىدا ئۈنۈمىڭىز تۆۋەن بولسا، ئۆزىڭىزگە بىھۇدە بېسىم پەيدا قىلىپلا قالماي، ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئېسىل ئوبرازىڭىزنىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىسىز.

### تەكپۇكلۇق تاللاش ئەمەس، زۆرۈرىيەتتۇر

«ھەممە ئىشتا ئوتتۇراھال بولۇش كېرەك» دېگەن گەپ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق. سىز خىزمەت بىلەن تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى تەكپۇكلۇقنى ساقلىشىڭىز كېرەك. خىزمەتتە، مۇھىم نۇقتىلارنى بەلگىلىشىڭىز ھەمدە زېھنىڭىزنى قىممىتى يۇقىرى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە مەركەزلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىز دائىم «خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتىكى مەقسەت ئائىلەمدىكىلەر بىلەن يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىش» دېگەن نۇقتىنى ئەستە ساقلىشىڭىز كېرەك.

بىرەيلەن مەندىن: «قانداق قىلسام خىزمەت بىلەن تۇرمۇش ئارىسىدىكى تەكپۇكلۇقنى ساقلىيالايمەن؟» دەپ سورىغانىدى.

كىم مەندىن بۇ سوئالنى سوراپ قالسا، مەن ھەممىشە ئۇنىڭدىن: «دارۋاز قانداق قىلىپ دار ئۈستىدە تەكپۇكلۇقنى ساقلىيالايدۇ؟» دەپ سورايمەن. بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن دېگۈدەك «چۈنكى، ئۇلار ھەرۋاقىت تەكپۇكلۇقنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ» دېگەن جاۋابنى تاپالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇلارغا: «خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى تەكپۇكلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش خۇددى داردا ماڭغانغا ئوخشايدۇ، سىز بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم داۋاملىق تىرىشىشىڭىز كېرەك. ئادەم ھەرگىزمۇ مۇكەممەل تەكپۇكلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ، سىز پەقەت شۇ يۆنىلىشكە قاراپ تىنىمسىز ئىلگىرىلىسىڭىز بولىدۇ» دېدىم.

سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن «خىزمەتنى جان ـ دىل بىلەن ئىشلەش»تىن ئىبارەت نىشاننى بېكىتىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، خىزمىتىڭىزنى ئەڭ ياخشى قىلسىڭىز، ئاندىن ئەڭ يۇقىرى ھوسۇلغا ئېرىشەلەيسىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېمە ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىمەكچى بولغانلىقىڭىزنى، زادى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ. يېقىنلىرىڭىز بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋاقتىڭىز قانچە كۆپ بولسا، ھاياتىڭىز شۇنچە خۇشال ۋە بەختلىك بولىدۇ.

**ئۈچ پاقىنى يەۋېتىڭ:**

**1. خىزمەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىنى تېپىڭ. ئۆزىڭىزگە: «ئەگەر ھەر كۈنى پەقەت بىر ئىشنىلا قىلىشىمغا توغرا كەلسە، قايسى ۋەزىپە خىزمىتىم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم؟» دەپ سوئال قويىسىڭىز بولىدۇ. ئاندىن ئوخشاش سوئالنى ئىككى قېتىم تەكرارلاڭ. بۇ خىل ئۇسۇلدا خىزمىتىڭىزدىكى ئۈچ مۇھىم ۋەزىپىنى تاپقاندىن كېيىن، ھەر كۈنى پۈتۈن زېھنىڭىزنى مۇشۇ ئۈچ ۋەزىپىگە ئاجرىتىڭ.**

**2. ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ نىشاننى بېكىتىڭ، ئاندىن ئۇنى مۇھىملىق دەرىجىسىگە كۆرە تىزىڭ. بۇ نىشانلارغا كۆرە پىلانلارنى تۈزۈڭ، ئاندىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىڭ. بۇنى بىر نەچچە ئايدىن بىر قانچە يىلغىچە داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىڭىزدىن ھەيران قالىسىز.**

«ئۈچ پاقىنى يەۋېتىڭ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىغا ئومۇمىي نەزەر

جەۋلان ئۇيغۇر

# ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىغا ئومۇمىي نەزەر

2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، خىتاي كومۇنىست ھاكىمىيتى، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى بولمىغان ياشلىرىمىزنى قەتل قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھرىنى قان بىلەن بويىغان ئىدى. بۇ كۈنكى نامايىش، خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان قەبىھ ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 70 يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز پارتلاپ چىقىۋاتقان قارشىلىقلىرىنىڭ داۋامى ئىدى.

«5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى» كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، تەسىرىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى يۈز يىللىق مۇستەملىكە تارىخىدىمۇ ئاز كۆرۈلگەن بولۇپ، تا بۈگۈنگە قەدەر قەتلىئام داۋاملاشماقتا، كېڭەيمەكتە ۋە چوڭقۇرلاشماقتا. ئۇيغۇرلار تارىختا بۈگۈنكىدەك كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنمىغان، قىرىلمىغان ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىلىشىمىزچە، تارىخىمىزدا ئەڭ چوڭ جەڭ بولغان 2 ـ قېتىملىق جۇمھۇرىيەت ئىنقىلابىدا «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە قول چۇماقلىرىدىن 18 مىڭى يوقىتىلغان، 4500 ئادىمى ئەسىرگە چۈشكەن، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن 3000 غا يېقىن ئادەم قۇربان بولغان» ئىكەن. لېكىن، 1949 ـ يىلدىن بۇيانقى ھەر بىر قەتلىئاملاردا خىتاي ھۆكۈمىتى قىرىۋەتكەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سانى قانچە؟ بۇ ھېساب خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭلىگە ئايان. بۇ قېتىمقى قەتلىئامدىن كېيىن زۇلۇم تېخىمۇ چېكىگە يەتتى. خىتاي زېمىنىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئۇيغۇرلارغا دۈشمەنلىك ھېسسىياتى قوزغالدى. ئومۇمىي يۈزلۈك «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» باشلاندى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى قارشىلىق، گۇاڭدۇڭ شاۋگۇەن پاجىئەسىنىڭ سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەندەك قىلسىمۇ، شۇ يىللاردا ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان سەرەڭگە ياقسىلا تۇتىشىدىغان ھالەتتە كېلىپ بولغان ئىدى.

## قەتلىئامنىڭ ئالدىدىكى ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى

1 ) 10 يىللىق «مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى» دېگەن زوراۋانلىق ھەرىكىتىدە يالغۇز ئۇيغۇرلا ئەمەس، مىليونلىغان خىتايلارمۇ زەربىگە ئۇچرىغان ئىدى. ماۋ ئۆلگەندىن كېيىن ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ تەختكە چىققانلار ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالغان جەمئىيەتنى ئوڭشايدىغان چارە ـ تەدبىرلەرنى ئالماقچى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ كەتكەن ئىشسىزلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. خىتايلارغا يارىتىلغان بۇ چوڭ پۇرسەتتە، يېزىلارغا پالانغان ئۇيغۇر زىيالىي ياشلارمۇ مەلۇم ساندا ئوقۇشقا ۋە ھەر خىل خىزمەتلەرگە قوبۇل قىلىندى. 70 ـ يىللىنىڭ ئاخىرلىرى، 80 ـ يىللىنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلاردا يەنىلا ئوقۇغانلار تالادا قالمايدىكەن دېگەن ئىدىيە شەكىللىنىپ، ئوقۇش قىزغىنلىقى قايتا قوزغالغان ئىدى. بىچارە ئاتا ـ ئانىلار قوللىرىدىكى بار ـ بىساتلىرىنى سېتىپ دېگۈدەك پەرزەنتلىرىنى ھەر خىل مەكتەپلەردە ئوقۇتتى. ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ خىزمەت تېپىشتىن زور ئۈمىدلەر كۈتكەن ئىدى.

بىراق، 96 ـ يىلدىن باشلاپ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى بىر تۇتاش خىزمەتكە تەقسىم قىلىش ئەمەلدىن قېلىپ، «قوش يۆلۈنۈشلۈك تاللاش» دېگەن سىياسەت يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ چىرايلىق چۈشەندۈرۈلۈشى: «خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر خىزمەتنى ئۆزى تاللاش، خىزمەتچى قوبۇل قىلغۇچى ئورۇنمۇ كېرەكلىك ئادەمنى ئۆزى تاللاش» ئىدى. قارىماققا ئىككىلا تەرەپكە ئەركىنلىك بېرىلگەندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، مانا مۇشۇ سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ ئۇيغۇر ياشلىرى مىللەت سۈپىتىدە چەتكە قېقىلىشقا باشلىدى. خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇنلار نومۇس قىلماي تىل، ياتاق، تاماق، ئۆرپ ـ ئادەت ۋاھاكازا دېگەنلەرنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلمىدى. بارا ـ بارا ھېچقانداق «سەۋەب» كۆرسەتمەيلا «ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلمايمىز» دەيدىغان بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن تۈركۈم ـ تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى ئىشسىز قالدى. بۇ ھالەت بەكرەك ئېغىرلاشقاندا، ھۆكۈمەت يەنە يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىشنى مەقسەت قىلغان رەزىل ئويۇننى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇردىن باشقا مىللەتلەرنى يېنىغا تارتقاندەك كۆرسىتىپ، ئۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان سىياسەت يۈرگۈزۈشنى يولغا قويدى. ئىشچى ـ خىزمەتچى قوبۇل قىلغاندا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇقلا قازاق ئالىمىز، باشقا ئاز سانلىق مىللەت بولساڭ ئالىمىز، ئۇيغۇرنى ئالمايمىز، دەيدىغان بولدى. ئۈرۈمچىدىن باشقا يەرلەردە تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، «5 ـ ئىيۇل قەتلىئامى» دىن كېيىن ئاشكارىلىنىشىچە، خوتەن ۋىلايىتىدىلا ئىشسىز ئۇيغۇر ياشلىرى 300 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

2009 ـ يىلىغىچە يۇرتىمىزدا، ھەرخىل چوڭ زاۋۇت، كانلار، چوڭ شىركەتلەر كۆپلەپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، ھوقۇق خىتاينىڭ قولىدا بولغاچقا، يۇرتلىرىدىن كۆپلەپ چالا ساۋات دېھقانلارنى يۆتكەپ كېلىپ سەپلىدى. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئىشسىز يۈردى. مۇتلەق كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارغا ئۇقۇشمۇ ئەسقاتمىغاندىن كېيىن، ئۇلاردا باشقىچە يول تېپىش ئىستىكى پەيدا بولدى. بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا سودا ـ تىجارەت ئۆگىتىش، ھۈنەرگە بېرىش، دىنىي ئوقۇشقا بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا بىر چىقىش يولى تېپىپ بەرمەكچى بولدى. سودا ـ سېتىق بىر مەزگىل قىززىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەتتىكى ۋە ئەدلىيەدىكى چىرىكلىك، يەكلەش تۈپەيلىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ خارەكتېرىدىكى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر خىتاي ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىشىغا ئۇچرىسىمۇ، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ يەتسىمۇ، خىتاي قانۇنى جەھەتتىن قوغدىمىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن تاكى 2009 ـ يىلىغىچە بېيجىڭدىكى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنى» ھەر يىلى يۈزلەپ ئۇيغۇرلار يىغلاپ بارىدىغان جاي ئىدى. بۇ يەرگە ئاتالمىش «ئاپتونوم رايون»نىڭ مۇھىم ئەرباپلىرى يىلدا نەچچە رەت كېلىشەتتى. بۇلار بىلەن ئۇرۇمچىدە كۆرۈشۈش تەس ئىدى. مۇشۇ يەردە ئەرىزلىرىنى دەۋالاتتى. خىتاي مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەدمۇ بېيجىڭدا 30 يىللاپ تۇرغان بولۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپمۇ بېرىشاتتى.

2) 1991 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ سەزگۈر بولۇپ كەتتى. «بىخ ھالىتىدە ئۈجۈقتۇرۇش»، «بېشى كۆرۈنسىلا ئېتىش»، «دەم ئېلىش پۈرسىتى بەرمەي ئۇلاپ زەربە بېرىش» دېگەن يولىيورۇق، چاقىرىقلار كەڭ تەشۋىق قىلىندى. شۇ چاغلاردىلا كەڭ تۇتقۇن قىلىش باشلانغان ئىدى. سۆزۈمنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىر مىسال كەلتۈرىمەن:

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شەرقىي يىغىن زالىدا تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۈچ كىتابىنى ئەيىپلەش يىغىنى ئېچىلغان بولۇپ، يىغىننى جانابىل باشقۇرغان ئىدى. يىغىندا تۆمۈر داۋامەت سۆزگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇ سۆزىدە يېقىندا بىر نەچچە تۈرمىنى تەكشۈرگەنلىكىنى، تۈرمىلەرگە ياش بالىلارنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكىنى دەپ تاشلىدى ـ يۇ، سەل ئېھتىيات قىلدىمۇ قانداق، ئارقىدىنلا چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ «تۈرمىلەرمۇ ياشلىشىپ كېتىپتۇ» دەپ ئاۋازىنى چىقىرىپ ئۈنلۈك كۈلۈپ قويدى. (ئۇ چاغلاردا «رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى ياشلاشتۇرۇش» دېگەن سىياسەت بار ئىدى.) ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بېشىدا بىر تەرەپتىن كۈتۈلمىگەن خەتەرلەر ئايلىنىپ يۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن جان بېقىش يوللىرى ئېتىلىپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالدى. يېزىلاردىكى زۇلۇم شەھەرلەردىكىدىن ئېغىر بولدى. يۇرتىمىزدىكى زۇلۇم خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ئېغىر بولدى. شۇڭا

يۇرتلىرىدا خاتىرجەملىك تاپالمىغان ئۇيغۇر ياشلىرى يېزىلاردىن چوڭ شەھەرلەرگە، يۇرتىمىزدىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە سەرسان بولۇشقا باشلىدى. بىراق، ئۇ يەرلەردىمۇ زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلغىنى يوق.

3) يۇرتىمىزدا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا قويۇلدىغان تەلەپ «مۇقىملىق» بولدى. كىم «مۇقىملىق»نى ياخشى تۇتسا، شۇ ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن «مۇقىملىق»نى ھۆددىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك سېكرېتارلار يۇقىرىدىن چۈشكەن «بىخەتەرلىك، ئالدىنى ئېلىش» يوليورۇقلىرىدىن باشقا، ئۆزلىرى خالىغانچە تېخىمۇ يېڭىچە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلدى. قانۇن بىر چەتتە قايرىلىپ قالدى. ئىجاد قىلىنغان ئۇسۇللارنىڭ ئۈنۈملىكلىرى تەشۋىق قىلىنىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر كادىرلارغا بېسىم قاتتىق بولۇپ، بىخەستىلىكتە ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن بىرەر ئېغىز سۆز ياكى قىلمىش ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلىدى. مىللىي كادىرلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى«مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداش» ئىدى. «مىللىي ئىتتىپاقلىق» دېگەن بۇ شوئار ئۇيغۇرلارغا ئەڭ چوڭ زىيان سالىدىغان بېشىدىكى توقماق بولدى. خىتايلار ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ تىلىنى، كۆزىنى، پۇت-قولىنى چۈشەيدىغان، ھەر قانداق ئىشقا، ھەر قانداق ۋاقىتتا ماس كېلىدىغان زەربە بەرىش قورالى بولدى. مىللىي كادىرلار، خىتايلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق ئىش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا پەيدا بولغان خەلقنىڭ نارازىلىقىنى بېسىش ۋەزىپىسىنىلا ئۆتىشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن مىللىي كادىرلار بىلەن خەلق ئامىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۈچىيەتتى. ئاز ساندىكى قاپاقباش جان باقتىلار خىتاينىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغىنى بىلەن، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، ئېغىر روھىي ئازاب ئىچىدە ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى.

4) تاكى 90-يىللارغىچە يەرلىكلەر بىلەن ئاتالمىش«بىڭتۈەن»نىڭ ئارىسىدا يەر، سۇ، ئوتلاق تالىشىش ئىشلىرى دائىم يۈز بەرىپ تۇراتتى. گەرچە بىڭتۈەن ئەڭ ياخشى يەرلەرنى، تەبىئىي ئورمانلارنى، سۇنىڭ بېشىنى ئىگىلەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تېز كېڭەيگەنلىكتىن، نەپسى تويماتتى. بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا بىڭتۈەندىن يەرلىككە «ئىختىساسلىق خادىملارغا ياردەم قىلىش» پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پىلانىنىڭ مەزمۇنى: بىڭتۈەندىن 500 خىتاي كادىرنى ئاجرىتىپ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھوكۇمەتلەرنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپ، بۇ پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئەششى بىلەن ۋىلايەتتىن ناھىيە، يېزىلارغىچە ھەر دەرىجىلىك ئاساسلىق ھوقۇقنى بىڭتۈەندىن كەلگەن خىتايلار ئىگەللىدى. ئۇندىن باشقا ھەر يىلى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان مىڭلارچە خىتايغا ئىككى-ئۈچ ئاي ئۇيغۇرچە ئۆگىتىپلا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ھەر يىلى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئىش تاپالماي قالغان خىتايلارنى يۇقىرى تەمىنات بىلەن جەلپ قىلىپ، كادىر قىلىپ ئىشلەتتى. مانا مۇشۇنداق تەرەپ-

تەرەپتىن ئېگەللەش ئارقىلىق كەنتتىن تارتىپ ۋىلايەتكىچە، تاكى ئاپتونوم رايوننىڭ ئورگانلىرىغىچە مۇھىم ھوقۇقلار بىكىتىۋەنگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ خىتايلار يەرلىك ئورۇنلاردا ئىشلىسىمۇ، تىزگىنى بىكىتىۋەندە بولغاچقا، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ مەنپەئەتى قۇربان قىلىنىپ، يەرلىك ئىگىلىك ۋەيران بولدى. دېھقانلار يەرسىز، سۇسىز قېلىپ ھەتتا كەنت، يېزا بويىچە تېرىقچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچ، يېزىلاردىكى ئۇيغۇر ياشلار ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ سەرسان بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

5) تارىختىن بۇيانقى مىللىي ئۆچمەنلىكنى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى پەيدا قىلغان ئىدى. چىرىكلەشكەن كوممۇنىستلار بۇ ئۆچمەنلىكنى ۋايىغا يەتكۈزدى. خىتاي پۇقرالىرى ھۆكۈمران مىللەت بولغىنىنىڭ تەمىنى شەرقى تۈركىستانغا كەلگەندىن كېيىنلا تېتىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇلار ئەڭ قوبۇل قىلالمايدىغان تراگېدىيەدۇر. خىتاي ئۆلكىسىدە جېنىنى باقالماي قالغان گادايلار، جىنايەتچىلەر ۋەتىنىمىزگە كېلىپ باي بولدى، ئەمەلدار بولدى، زوراۋانغا ئايلاندى! ئەمەلدار بولغانلىرى يۇرتداشلىرىنى ئېلىپ كېلىپ قانۇنسىز تاپاۋەتكە يول ئېچىپ بېرىپ نەپ ئالدى. يىللاردىن بۇيانقى زوراۋانلىقلارغا قىلىنغان قارشىلىقلارنى باھانە قىلىپ، كوچىلاردىكى باققال، موزدۇز، ئەسكى ـ تۈسكى يىغىدىغان لالما خىتايلارنى يىغىپ ساقچى، ئامانلىق ساقلاش ئەترەتلىرى دېگەندەكلەرنى تەشكىللەپ، يۇقىرى تەمىنات بىلەن يېزا، كەنت ـ بازارلارنىڭ «ئامانلىقنى ساقلاش» ئىشلىرىنى شۇلارغا تاپشۇردى. تونۇگۈنلا كوچىلاردا دۇگدەرەپ يۈرگەن لالما خىتايلار بۈگۈن ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇدىغان زوراۋان بولدى. ئەكسىچە، ئۆز يۇرتىمىزنىڭ ناھىيە ـ يېزىلىرىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۈرۈمچى نوپۇس ئۇيغۇر ياشلىرى كوچا سۈپۈرۈپ يۈرگەن يەردە، ناھىيە ـ يېزىلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ خىزمەت تېپىشى تېخىمۇ تەس ئىدى. ئۇلار ئىنتايىن ناچار شارائىتتا، ھەممىلا يەردە بوزەك بولۇپ ياشايتى. ئۇلارنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ھالىغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ. خىتايلار مۇشۇنداق كۈن كۆرۈۋاتقانلارغىمۇ ئاراملىق بەرمەيتتى. مىسال: 2008 ـ يىلى خىتايدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئېچىلىش ھارپىسىدا، ئۈرۈمچى گۈلساي قەبرىستانلىقى بىلەن ساقچى مەكتەپ ئارلىقىدىكى ئوت ـ چۆپمۇ ئۆسمەيدىغان بىر يانتۇلۇقتا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى يېزلاردىن چىققان ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئائىلە ئەسكى خىش ـ كىسەكلەر بىلەن ئاددىي ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇپ جان بېقىۋاتقان ئىدى. «ئولىمپىك» بىخەتەرلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنى ئۇششاق بالىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆيلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆيلىرىنى زەنجىر تاپان تراكتور بىلەن يەنچىپ يوق قىلىۋەتكەن ئىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئۇ يەرگە بېرىپ بۇ ئېچىنىشلىق خارابىلىقنى ئوز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق.

6) ئەدلىيەدىكى تەڭسىزلىك كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتى. يىللاردىن بۇيان خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن زەربە يەپ قالسا ساقچىلار پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىزدەپ تېپىپ قاتتىق جازالايدىغان، ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىسا، ئىگە بولماي بېسىقتۇرۇۋېتىدىغان ياكى گۇنانى ئۇيغۇرغا ئارتىپ قويىدىغان، ھەتتا خىتاي لۈكچەكلەر ئۇيغۇرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ سورالمايدىغان، ئۇيغۇرلار دەۋا قىلسا ئۇلارنى جازالايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئادىل بولمىغان سىياسەت ئۇيغۇرلارنى ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھەققىنى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى، ھەتتا ھاياتىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان، ياشلار جەمىيەتتىن ئۈمىتسىزلىنىپ، ئېغىر بېسىم ئاستىدا ھالسىراۋاتقان ھالەت شەكىللىنىپ بولغان ئىدى.

خىتايلار بولسا ئۆزىگە ئىگە بولىدىغان ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى ۋە قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ پاناھلىقىدا كۈرىكى يوغىناپ، توپلىشىپ ئۇيغۇرلارنى ئۇرىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى. ھەتتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، كەچلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ جەسەتلىرى كوچىلاردا قالىدىغان، كۈپ ـ كۈندۈزدە يولدا كېتىۋاتقان ياش ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلارنى ماشىنا بىلەن كېلىپلا بۇلاپ ئېچىقىپ نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىدىغان ۋەقەلەرمۇ بىر نەچچە قېتىم سادىر بولدى. 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بوزەك قىلىنىشقا تاقەتى قالمىغان بىر نەچچە ياش كېچىدە چىقىپ تۆت خىتاينى بوغۇزلىۋەتكەن ئىدى. ھۆكۈمەت قاتتىق سارەسىمىگە چۈشۈپ، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، بۇ ياشلارنى تېزلىكتە قولغا چۈشۈرۈپ ئۇچىگە دەررۇ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلدى. خىتايىنى بوغۇزلىغانلار ئارىسىدىكى خىزمەت كۆرسەتكەن بىرسىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپتىكەن، ئۇمۇ بىرەر يىلغا بارمايلا تۈرمىدە ئۆلگەن.

خىتايلار ئۇيغۇرلارنى شۇنچىلىك كۆزگە ئىلماس بولۇپ كەتتىكى، ساقچىلار ھېچبىر قانۇنى رەسمىيەتسىزلا ئېتىۋېتەلەيدىغان بولدى. 2008 ـ يىلى خىتايدا بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئوتكۈزۈلۈشكە ئاز ۋاقىت قالغاندا، پۈتۈن خىتايدا ئولىمپىك ئامانلىق خىزمىتى قانات يايدى. بۇ ھەرىكەتتە ئەڭ كۆپ قان تۆكۈلگەن يەر يەنىلا شەرقىي تۈركىستان بولدى. شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان «چىن گۋاڭ گۈللىكى» دېگەن ئولتۇراق قورۇسىنىڭ ئىچىدە ساقچىلار بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئىككى ئۇيغۇر ياشنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، قالغان تۆتىنى تالاغا سۆرەپ ئەپچىقىپ قورادىلا ئۆينىڭ تېمىغا قارىتىپ يۈكۈندۈرۈپ قويۇپ، خوتۇن ـ بالىلىرى ۋە جامائەتنىڭ ئالدىدىلا ئېتىۋەتكەن. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن «قىزىل تاغ» ئائىلىكلەر قورۇسىدىمۇ بۇ ئەھۋال تەكرارلىنىپ ئۈچ ئۇيغۇر ياشنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. مۇشۇنداق قەبىھ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئولىمپىك

ۋاقىتىدا ئۇيغۇرلارنى ۋەقە چىقارماسلىققا ئاگاھلاندۇرماقچى بولغان. ئولىمپىككە بىر نەچچە كۈن قالغاندا قەشقەردىكى ئاكا ـ ئۇكا ئىككەيلەننىڭ خىتاينىڭ قەشقەر گارنىزونىدىكى ئەسكەرلىرىگە ماشىنا بىلەن ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. دېمەك ئۈرۈمچىدىن باشقا يەرلەردە ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، بۇ ئولىمپىك «ئاپىتى» خەلقىمىزگە قانلىق زوراۋانلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

## قەتلىئام جەريانى

«5 ـ ئىيۇل قەتلىئامى» ئاساسەن «شەرقىي ئايلانما يول بازىرى» دېگەن يەردە يۈز بەرگەن. بۇ جايدىكى بەزى نەق مەيدانلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تورغا چىققان ئىدى. ئوقۇغۇچى كىيىمىدىكى ئۈچ بالىنىڭ جەستى قانغا چىلىنىپ ياتقان، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر نەچچە قوراللىق ساقچى تۇرغان كۆرۈنۈش ۋە باشقا كۆرۈنۈشلەرمۇ توردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. ئارىدىن ئون مىنۇتلار ئۆتكەندىن كېيىنلا تور ۋە تېلفونلار بىراقلا ئۈزۈۋېتىلدى. ئۇندىن كېيىنكى ئىشلارنى شاھىتلاردىن باشقىلار بىلەلمىدى. «قوراللىق قىسىم دوختۇرخانىسى»، «ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسى»لىرىگە نۇرغۇن يارىدارلار كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۇچۇرى بولمىغان. ئاڭلىساق، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، ۋەقە يۈز بەرگەن مەھەللە ئەتراپىدىكى چىراقلار بىراقلا ئۆچۈرۈلۈپ، كوچىدىكى ئادەملەر ئوققا تۇتۇلغان ۋە ئەتراپ ھەربىيلەر بىلەن قورشالغان. ئوققا تۇتۇشتىن بۇرۇن يارىدار بولغانلاردىن ئاز بىر قىسمى ئۆزلىرى ياكى باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ دوختۇرخانىغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، دوختۇرخانىنىڭ خىتاي باشلىقى ئۇلارنى، ھەتتا ئېغىر يارىدارلارنىمۇ باشقىلارغا كۆتۈرگۈزۈپ دوختۇرخانىدىن قوغلاپ چىقارغان. ھەربىيلەر قورشاۋغا ئالغاندىن كېيىن بىرمۇ يارىدار دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنمىگەن. يارىدارلارمۇ، جەسەتلەر بىلەن شۇ كۈنى كېچىسىلا بىرتەرەپ قىلىنغان. بەزى ياشلار قەبرىستانلىقتا قېچىپ بېرىپ كولاپ قويۇلغان بوش گۆرلەرگە كىرىۋالغان ئىكەن. (ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇن بىلەن قەبرىستانلىق ئىككى كىلومېتىرچە كەلىدۇ). ھەربىيلەر ئۇلارنى گۆرلۈكتىن تارتىپ چىقىرىپلا ئېتىۋەتكەن. شۇ كۈنى كېچىسى قەبرىستانلىقتىكى ئېچىنىشلىق ئاۋازلار، ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ ئاۋازلىرى خېلى يەرلەرگىچە ئاڭلانغان. كوچىلار شۇ كېچىسىلا يۇيۇپ تازىلانغان.

ئەل سۆيگەن ناخشىلىرى بىلەن تونۇلغان ياش ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى مىرزات ئالىم، شۇ كۈنى كەچتە ئۆيىگە قايتىۋېتىپ (ئۇ كۈنى يەكشەنبە ئىدى) بۇ مەنزىرىنى كورۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆز تېلفونىدا دېگەن ئاخىرقى سۆزىنىڭ «مەن كۆرمەسلىككە تېگىشلىك ئىشنى كۆرۈپ قالدىم»

بولغانلىقى ئاشكارىلانغان. ئۇنىڭ ماشىنىسىنى قوغلاپ كەلگەنلەر، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ماشىنىسىنىڭ ئىچىدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. مەرھۇمنىڭ باش ـ كۆزى قان، بىر كۆزى قوپۇلۇپ كەتكەن ئىكەن.

بۇ قەتلىئام بولۇپ بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن گۈلساي قەبرىستانلىقىغا مېيىت ئۇزۇتۇپ بارغان ئىدۇق. قەبرىستانلىقنىڭ شەرقى جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغقا تۇتاشقان يانتۇلۇقتا خېلى چوڭ بىر پارچە يەرنىڭ تىكەنلىك سىم بىلەن قاشالىنىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇ يەر يېڭى تىندۇرۇلغان، ئوي ـ دۆڭگۈل، چالمىلارمۇ ئېزىلمىگەن ئىدى. توپىنىڭ ئاستى يۇمشاق بولغاچقا، ماشىنا بىلەن چىڭداشقا بولمىغان ئوخشايدۇ. بۇ يەر، قەبرىستانلىقتىن بىرەر يۈز مېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، تۆت ئەتراپى سىم تىكەن بىلەن قورشالغان، سىم بويىلاپ مەلۇم كەڭلىكتە ئاق رەڭلىك بىر نەرسە چېچىلغان ئىدى. قەبرىستانلىق بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئارلىقىدا يەنە بىر تىكەنلىك سىم توساق بار ئىكەن. ئادەملەرنىڭ بېرىشى چەكلىنىدىكەن. چۈنكى ئۇ يەرگە «زەھەرلىك بۇيۇملار» كۆمۈلگەن ئىكەن.

ئاڭلىشىمىزچە، تۇتۇلغان ياشلارنى تۈرمىگە ئېلىپ كىرگەندە، ھەربىيلەر ئۇزۇن ئىككى رەت بولۇپ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ تۇرىدىكەن. مەھبۇسلار ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شۇ ئارلىقتىن مېڭىپ ئوتىشى كېرەككەن. بۇ جەرياندا ھەربىيلەر قوللىرىدىكى كالتەك بىلەن ئۆتىۋاتقانلارنى دۇمبالايدىكەن. بۇ ئۇزۇن سەپتىن ئوتۇپ بولغىچە «مەھبۇس»لارنىڭ باش ـ كۆزى يېرىلىپ، پۇت ـ قول، مۇرىلىرى سۇنۇپ، ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىدىن قالىدىكەن. تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق يەرلەردىن سوراقچىلارنى يوتكەپ كەلگەن بولۇپ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا نۇرغۇن «مەھبۇس»لار سوراقخانىغا ئۆملەپ ئاران كىرگەن ياكى ساقچىلار سۆرەپ ئەكىرگەن. سوراقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى كۆمۈۋەتكەن ياكى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

ھۆكۈمەت بىرىنچى تۈركۈمدە 12 نەپەر ئۇيغۇر «جىنايەتچى»نىڭ رەسمىنى چىقىرىپ تۈرمىدىن قاچتى دەپ ئېلان قىلدى. ئارىسىدا ئىككى ئايالمۇ بار (ناھايىتى ياش). ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدا تۈرمىنىڭ سېرىق جىلىتكىسى بولۇپ، ئۇستى ـ بېشى شۇنچىلىك پاسكىنا ۋە بىچارە ئىدى. ئۇلارنىڭ قاتمۇ ـ قات مۇھاسىرىگە ئېلىنغان خىتاي تۈرمىسىدىن قېچىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمەت تۈرمىدە ئۆلگەنلەرنى مۇشۇنداق ئۇسۇلدا يوق قىلۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىگەن مەقسىدىگە يېتەلمىدى. جەمىيەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىلىپ كەتتى. ئۈرۈمچىگە كېلىپ باللىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ھوكۇمەت ئۇلارغا «قايتىڭلار، بىز سۈرۈشتە قىلىمىز» دەپ مەجبۇرىي قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ناھىيە ۋە يېزىلىق

ھۆكۈمەتلەر ئۇلارنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ئۈرۈمچىگە قايتا كىرگۈزمىدى. پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆز يېشى قۇرۇمىدى. ھۆكۈمەت يۈزىنى ئۆرۈپلا «سىلەرنىڭ باللىرىڭلار قېچىپ يۈرىۋاتىدۇ، بىزمۇ ئىزدەۋاتىمىز، باللىرىڭلارنىڭ خەۋىرىنى ئالغان ھامان دەرھال بىزگە خەۋەر قىلىڭلار، يوشۇرساڭلار قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان بولىسىلەر» دەپ، بۇ دەۋانى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزىگە ئارتىپ قويدى ۋە ئۇلارنى نازارەت ئاستىغا ئالدى.

«5 ـ ئىيۇل قەتلىئامى»دىن بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال كورلىدا بىر خەلقئارالىق مۇخبىرلار يىغىنى ئېچىلغان بولۇپ، يىغىنىنىڭ مەقسىتى «شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، تېنچ ـ ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتى» نى خەلقئاراغا تەشۋىق قىلىش ئىكەن. يىغىنغا 18 دۆلەتتىن كەلگەن چەتئەل مۇخبىرلىرى ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدىن كەلگەنلەر بولۇپ 150 ئەتراپىدا ئادەم قاتناشقان. يىغىن نەق 5 ـ ئىيۇل كۈنى ئاخىرلاشقان بولۇپ، مۇخبىرلارنىڭ بەزىلىرى قەشقەرگە، بەزىلىرى ئۈرۈمچىگە قايتقان. ئۈرۈمچىگە كەلگەن مۇخبىرلارنى «ۋەزىيەت جىددىي، سىرتقا چىقماڭلار» دەپ، چۈشكەن مېھمانخانىلاردىن سىرتقا چىقىشىنى چەكلىگەن. بۇ ئەھۋالدىن گۇمانلانغان چەتئەل مۇخبىرلىرى «ئامانلىق ساقلىغۇچىلار» نىڭ توسقىنىغا قارىماي بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن. ھەتتا بەزىلىرى بىرىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىلىرىدىن قاچقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەق مەيداندىن تارتقان ۋىدىيولىرى خەلقئاراغا تارقىلىپ كەتكەن. (ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن بۇ قەتلىئامدىن ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكىلەر خەۋەر تاپقىچە چەتئەلدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئامانلىق سوراپ تېلفۇن قىلىپ بولغان) بۇ مۇخبىرلار چېگرادىن ئۆتكەندە ئاپپاراتلىرى قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ، ۋەقەگە ئائىت رەسىم ـ ۋىدىيولار يۇيۇۋېتىلگەن.

5 ـ ئىيۇلدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدىكى خىتايلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوزغىتىلدى. خىتاي مەركىزى تېلۋىزىيە قانالىرىدىن تارتىپ ئۆلكىلىك، ناھىيەلىك تېلۋىزىيە قانالىرىغىچە تاياق يەپ، بۇرنى قاناپ كەتكەن ئىككى خىتاينىڭ كۆرۈنۈشى قايتا ـ قايتا كۆرسىتىلدى. خىتايلارنىڭ تەكۋۈلىكىنى قوزغايدىغان تەشۋىقاتلار ئۈزۈلمىدى. نەتىجىدە قوللىرىدا ئوخشاش ئۆلچەم بىلەن ياسالغان لوم تۆمۈر، چەيدۇ، پالتا كۆتۈرگەن توپ ـ توپ خىتايلار كوچىلاردا ئۇرۇش ـ چېقىش، ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ دۇكانلىرى، ئاشخانىلىرى چېقىلدى. يوللاردا دۈچ كېلىپ قالغان ئۇيغۇرلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ، جەسەتلىرىنى سۇ تۇرۇبا يوللىرىغا، ئەخلەت ساندۇقلىرىغا تاشلىدى. بۇ ئىشلار ئۈرۈمچىنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە يۈز بەردى. لېكىن ھۆكۈمەت ئۆلگەن ئادەملەرنى ئاشكارلىمىدى. خىتايلارغا تارقىتىلغان قوراللارنى

ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ چوڭ توپ تارقىتىش ئورنى «خۇالىڭ بازىرى» تەمىنلىگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارقىسىدا «شەنشى قىرىنداشلار بىرلەشمىسى»، «ئەنخۇي بىرلەشمىسى» قاتارلىق ئالتە سودىگەرلەر بىرلەشمىسى رول ئوينىغان ئىدى.

ئۈرۈمچىدىكى يامالىق تېغىنىڭ ئېتىكىدە شەكىللەنگەن ئىنتايىن نامرات بىر مۇساپىرلار مەھەللىسى بولىدىغان. شۇ مەھەللىگىمۇ ئۈچ يۈزدەك خىتاي ھۇجۇم قىلغان. ئالدىدا ماڭغانلىرى ئۆزلىرىنى ھەيۋەتلىك كۆرسۈتۈش ئۈچۈن كۆينەكلىرىنى سېلىۋېتىپ يېرىم يالىڭاچ بولىۋالغان ھالدا قوللىرىغا قەلىچ ـ پالتا ئېلىپ مەھەللىگە بېسىپ كىرگەن. چوڭ بىر قىرغىنچىلىق خەۋپىنى سەزگەن شۇ يەردىكى ئەرلىرى، بالىلىرى ئولگەن ياكى تۇتۇلۇپ كەتكەن قىرى ـ چۈرىلەردىن ئوتتۇزدەك ئادەم قوللىرىغا پىچاق ـ كالتەك ئېلىپ خىتايلارنى سۈر ـ توقاي قىلىشۋەتكەن. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ مەھەللىدە چوڭ تۇتقۇن بولۇپ، ئۆز ئائىلىسىنى قوغداش ئۈچۈن قولىغا كالتەك ئالغانلار ھەممىسى يوق قىلىندى.

شۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سېكرتارى لى جى دېگەن خىتاي «بۇ ئىشنىڭ بولغىنىمۇ ياخشى. بولدى، بىر مۇنچە قارا نىيەتلەرنىڭ ئۇۋىسىنى. بايقىۋالدۇق» دېگەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا «ئۇيغۇرلار خىتايلارغا زەھەرلىك يىڭنە سانچىيدىكەن» دېگەن گەپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى ۋە قانۇنلاشتۇرۇلدى. خىتاي مۇخبىرلار شۇ چاغدىكى «ئاپتونوم» رايونلۇق سىياسى ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇ خەيلۇن دېگەن كەلگۈندى جاللاتتىن بۇ مەسلىنى قانداق ھەل قىلىش كەرەكلىكىنى سورىغاندا، ئۇ بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، خىتايلار ئۆزىنى قوغدىشى لازىملىقىنى، بۇنىڭ يوللۇق قوغدىنىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۈرۈمچى رادىيو ئىستانسىسىدا تەشۋىق قىلىنىپ، قىساسخور خىتاي لۈكچەكلىرىگە قانۇنى يول ئېچىلىپ، ئۈچ ئۇيغۇر ياشنى ئوخشىمىغان يەرلەردە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بىر ئۇيغۇر بالا بالا شۇ يىلى (2009)ت ولۇق ئوتتۇرا ماكتەپنى پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتىتى» تەرەپكە ئۆتۈپتىكەن. ئۇ قولىدا بىر تال قارىياغاچنىڭ ھۆل شېخىنى ئويناپ كەتىۋاتقان يېرىدە «بىزگە يىڭنە سانچىماقچى بولدى» دەپ ئۇرۇپ بولۇپ ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. قانۇن ئورۇنلىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ تۇرۇپمۇ «جەمىيەتكە ۋەھىمە پەيدا قىلىش جىنايىتى.» بىلەن ئېيىپلاپ، ئەمدىلا 19 ياشقا تولغان ئىستىقباللىق بالىغا 16 يىللىق قاماق جازاسى. ھۆكۈم قىلغان. نەتىجىدە ئۇ بالا تۈرمىدىكى خىتاي جىنايەتچىلىرىنىڭ، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ خورلىشى ۋە خىلمۇ ـ خىل تەن جازاسى تۈپەيلىدىن بىر يىل ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن. بالىنىڭ ئانىسى «بالام ئەمدى ئارام تاپتى »دەپ يىغلىغان ئىكەن.

يوز بېرىۋاتقان بۇ زۇلۇملار ئۇيغۇرلاردا ئومۇميۈزلۈك نارازىلىقلارنى قوزغىدى. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ناھەق ئۆلۈپ كېتىۋاتقىنىغا چىدىمىغان ئاتا ـ ئانىلار «ئەمدى قېرىلار نامايىشقا چىقمىساق بولمىدى. . . » دېگەن گەپلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقى تارقالدى. ئەگەر بۇ راس ئەمەلگە ئېشىپ قېرىلارمۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈۋرسا، ۋەقە تېخىمۇ چوڭىياتتى. بولۇۋاتقان ئىشلاردىن پۈتۈن ئۈرۈمچى ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. خىتايلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان يەرلەردىكى ئۇيغۇرلار كەچلەردە تالاغا چىقالمايدىغان، ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان يەرلەردىكى خىتايلار، خىتاي كۆپ يەرگە كۆچۈپ كەتكەن ياكى ۋاقتىنچە پانالىنىش ئۈچۈن يۇرتلىرىغا كەتكەن ئىدى.

ۋەزىيەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى بايقىغان خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى لى جى دېگەن خىتاينى «ئاپتونوم » رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا يۆتكەپ، ئورنىغا «ئاپتونوم رايون» لۇق سىياسى ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇخەيلۇن جاللاتنى قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى قىلدى. ئۇنىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشى ـ خىتاي توپىلاڭچىلىرىنى قوزغاۋاتقان ۋە ماددىي جەھەتتىن قوللاۋاتقان خىتاي شىركەتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن پائالىيەتلىرىنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلىش بولدى. نەق مەيداندىن خەۋەر بەرگەن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا چۈشەندۈرۈلىشچە، ئۇلارنىڭ (شىركەتلەرنىڭ) ئىقتىسادى زىيانلىرىنى تۆلەپ بېرىش، بۇندىن كېيىنكى سودىلىرىدا ئېتىبار سىياسەتلەرنى بەلگىلەش تەلەپلىرىگە قوشۇلغان. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشقا سەرپ قىلغان پۇللىرىمۇ ھوكۈمەت ھېساباتى ئارقىلىق تولۇقلانغان.

ئېقىپ يۈرگەن گەپلەردە «ئاپتونوم» رايونلۇق پارتكوم يىغىنىدا نۇر بەكرى كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، «مەن سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى توختۇتۇڭلار» دېگەن ئىكەن. بەزى خىتاي ئەمەلدارلار قاتتىق خاپا بوپتىدەك. بىچارە رەئىسنىڭ شۇ ئاجىزغىنە نالىسىدىنمۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خىتايلارنىڭ نامايىشلىرى شۇ يىلى 9 ـ ئايلارغىچە داۋاملاشتى. نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى ـ يۇ، خىتايلاردىن پەقەت بىرسىگىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، بۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئۆزلىرىنىڭ «ئادىل» ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشتى.

«5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى»دىن كېيىن خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن زادى خاتىرجەم بولالمىدى. خىتاينىڭ بارلىق ئۆلكە ـ شەھەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىش دولقۇنى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن «تيەنئەنمېن ۋەقەسى» ، «كۇنمىڭ پويىز ئىستانسىسى تېررورلۇق ھۇجۇمى» دېگەندەك ۋەقەلەر ئويدۇرۇپ چىقىرىلىپ، خىتاي ئۆلكىلىرىدە تىنچ تىجارەت بىلەن جان بېقىۋاتقان ئۇيغۇرلارغىمۇ كەڭ

**تۆرده زىيانكەشلىك باشلاندى. ھەتتا بىر تىجارەتچىنى چوڭ كوچىدىلا ئۆرۈپ ئۆلتۆرۈپ قويغان ئىشمۇ يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تېز ھالەتتە يامانلىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، قورچاق رەئىس نۇر بەكرى، ئۇيغۇرلار كۆپرەك تىجارەت قىلىۋاتقان ئىككى شەھەرگە بېرىپ، ئۇيغۇر تىجارەتچىلەردىن ئەھۋال سورىغان بولدى. شۇ شەھەردىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن «سۆھبەت يىغىنى» ئاچقان بولدى. خىتاي ئەمەلدارلىرىمۇ ئوز نۆۋىتىدە «ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى»بىلدۈرگەن بولدى. بۇ نەق مەيدان كۆرۈنۈشلىرى خىتاي تېلېۋىزىيە قانالىلىرىدا بېرىلدى. بۇ تەشۋىقات ئۈچۈنلا ئوينالغان ئويۇن بولۇپ قېلىپ، ھېچبىر ئەمەلىي ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇيغۇرلار يۇرتلىرىغا قايتايلى دېسە يۇرتىدىكى ۋەزىيەت تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇ يىللىرى ئۇيغۇرلارنى شەھەرلەردىن كەلگەن يېرىگە مەجبۇرىي قوغلاۋاتقان ئىدى. ئۈرۈمچىدىمۇ 2014 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 700 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى قوغلاپ بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمكانىيىتى بارلار چەتئەلگە چىقىش يولىنى تاللىدى. ئۇيغۇرلىرىمىزدا يەنىلا «ۋەزىيەت ياخشى بولۇپ كېتەر» دېگەن ئىدىيە بولغاچقا، چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولغان نۇرغۇن ئادەملەر بۇ يولنى تاللىمىدى ۋە ياكى چەتەلگە چىقىپ بولغانلارمۇ قايتىپ كېتىشتى.**

**خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي تاپىنى ئاستىدىكى ھالىتىنى كۆرۈپلا، ئۇيغۇرنى ئىنتايىن زەئىپ مىللەت دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىخى مەدەنىيەتكە ئىگە، ھاياتى كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۇرۇقىنى تاش ئۈستىگە تاشلاپ قويسىمۇ كۆكلەپ چىقالايدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى ئويلىيالمىدى. ئۇيغۇرنىڭ قولىغا قورال چۈشسە ئوبدان جەڭ قىلالايدىغانلىقى خىتايلارغا ئايان ئىدى. لېكىن، قولىدا قورال بولمىسىمۇ، خىتايغا قەتئىي باش ئەگمەيدىغانلىقىنى، خەلقئارا سەھنىلەردىمۇ، سىياسى ـ دېپلوماتىيە كۈرىشىنىمۇ ئوبدان قانات يايدۇرايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىگىمۇ ئاراملىق بەرمەيدىغانلىقىنى خىتايلار ئەمدىلەت ھېس قىلىشقا باشلىدى.**

جەۋلان ئۇيغۇر تەييارلىدى

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەھرىرلىدى



# شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمدىن قېچىش

رافى كاچادورىيان

# شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمدىن قېچىش

**(بېشى ئالدىنقى ساندا)**

ئەنە شۇ رەۋىشتە، ئانار چېن چۇەنگو قوزغىغان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش پىلانىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. شەرقىي تۈركىستاندا تەخمىنەن 25 مىليون ئادەم ياشايدىغان بولۇپ، بۇ خىتاي ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئىككى پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ، ئەمما ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىسىنى ئاساس قىلغان مەلۇم بىر باھالاش نەتىجىسىگە كۆرە، 2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شەرقىي تۈركىستاندا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى پۈتۈن خىتايدىكىنىڭ بەشتىن بىرىگە توغرا كەلگەن.

ئانار ساقچىخانىدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلارنى («بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى»غا) يوللاش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بايقىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى كۆيتۈن تەكشۈرۈش پونكىتىغا كىرگەندە توسۇۋېلىنغان، باشقىلىرى بولسا «بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» تەرىپىدىن ئىشەنچسىز دەپ بەلگە قويۇلغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشانغانلار، ئاياللار ياكى بالىلار ئىدى. قارىغاندا بۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ياش يىگىتلەر ئاللىقاچان تۇتۇلۇپ بولغاندەك قىلاتتى.

كۈندۈزى ئانارنىڭ ساقچىخانىنىڭ كارىدورىدا ھەرىكەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما تۇغقانلىرى ئۇنى يوقلىغىلى كەلگەندە، ساقچىلار دەررۇ ئۇنى كامېرغا ئەكىرىۋېتەتتى. بەزىدە تونۇش كىشىلەر كىرىپ قالسا، ئانار ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، نومۇس قىلىپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇ ئۇلارنىڭ «ئانارمۇ بەلكىم بىزگە ئوخشاش بىر قىسىم رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگىلى كەلگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى. بىر قېتىم، ئۇنىڭ بىر كونا تونۇشى قازاقىستانغا بېرىپ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئۈچۈن كېلىپ قالدى. ئانارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بۇ ئايال ئانارنى كۆرۈپ، ئۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىۋىدى، ھېلىقى ياشانغان پروفېسسور ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ، ئۇنى ئانارنىڭ يېنىغا بارماسلىققا ئۈندىدى. بۇ ئايال ئىشلىرىنى بېجىرىپ چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئانارغا پىچىرلاپ، ئانارنىڭ ئاپىسىغا ئۇچۇر يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئانار كۆز ياشلىرىنى زورىغا بېسىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۈن ـ تىنسىز قاراپ قالدى.

ئانار قولغا ئېلىنىپ، 19 كۈن كېيىن، ھېلىقى «چوڭ ئاكا» ساقچىخانىغا كىرىپ كەلدى. ئانار ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆزىگە «كۆڭۈل بۆلگەن»لىكىنى ئويلاپ، ئۈمىدلەندى ـ دە، ئۇنى چاقىرىپ، «مەن بۇ يەردىن قاچان چىقىپ كېتەلەيمەن؟» دەپ سورىدى. ئەمما، ئۇ ساقچى ئانارغا ۋە باشقىلارغا قاراپ قويۇپ: «سىلەر

ئۆگىنىشكە ئاپىرىلىسىلەر» دېدى. ئانار كىشىلەرنىڭ كۆسۈلداشلىرىدىن «ئۆگىنىشكە بېرىش»نىڭ «قايتا تەربىيىلەش لاگېرى»غا بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ هاڭ ـ تاڭ قېلىپ: «قانچە ئۇزۇن ئۆگىنىش قىلىمىز؟» دەپ سورىۋىدى، ھېلىقى ساقچى «يېرىم يىل» دېدى.

ئەتىسى كەچتە كۆلرەڭ چاپان كىيگەن، سۆرۈن تەلەت ئۈچ ئەر كەلدى. ھەممەيلەننىڭ ئۇلارغا ئېگىلىپ ـ پۈكۈلۈپ مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئانار ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئەسلىدە، ئۇلارنىڭ بىرى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى دۆلەت بىخەتەرلىك چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولمىش ۋاڭ تىڭ ئىسىملىك خىتاي ئىدى. ئانار، ياشانغان پروفېسسور ۋە بىر ئۇيغۇر يىگىت بۇ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرتىلدى.

ۋاڭ تىڭ ئاناردىن قازاقىستان ۋىزىسى توغرىسىدا بەزى سوئاللارنى سورىدى. سوئال سوراش جەريانىدا، بىر ئەمەلدار: «(چېگرادىن) چىقىپلا كەتسەڭ، سېنى تىزگىنلىگىلى بولمايتتى ـ دە» دېدى. شۇنداق بولۇشغا قارىماستىن، ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئانارغا «ئەتە قويۇپ بېرىلىسەن» دېدى.

گەرچە چىن چۈەنگو ئۆزىنىڭ باستۇرۇش سىياستىنى شەرقىي تۈركىستاندا تەرتىپنى ساقلاشنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى دەپ تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما سىستېما ئىچىدىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن، توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان قائىدە، زوراۋان مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى ئاساسەن ھۆكۈمەتسىز، قالايمىقان ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بىر ساقچى ئانارغا كېيىنچە ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پۇشايمان قىلغانلىقى ۋە قايتا جىنايەت سادىر قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر ھۆججەتكە ئىمزا قويۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئانار بۇنىڭغا جاۋابەن، ئۆزىنىڭ نېمە جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

«ئۇنداقتا، سەن نېمىشقا بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭ؟» دېدى ئۇ ساقچى.

«چەتئەلگە چىققانىدىم» دېدى ئانار.

ساقچى: «ئۇنداقتا ئەمدى چەتئەلگە چىقىپ خاتالىق سادىر قىلمايدىغانلىقىڭنى ياز» دېۋىدى، ئانار ئىككىلىنىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ساقچى ئۇنىڭغا خالىغانچە بىرەر نەرسە يېزىشنى ئېيتتى. ئانار ساقچىخانىنىڭ ساقلاش رايونىدىن پارتىيە ژۇرنىلىدىن بىرنى تېپىپ، شۇنىڭدىكى بىر قىسىم تەشۋىقات شوئارلىرىنى كۆچۈردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئانار ساقچىخانىدىن چىقىپ ئاپىسىغا تېلېفون قىلىۋىدى، ئاپىسى يىغلاپ كەتتى. ئانارنىڭ شۇ ھامان ئاپىسىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بارغۇسى بار ئىدى، ئەمما ساقچىلار ئۇنىڭ پاسپورتىنى تارتىۋالغانىدى. ساقچىلار ئۇنىڭغا پاسپورتنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى دۆلەت بىخەتەرلىك ئەترىتىنىڭ رۇخستىنى ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئانار دۆلەت بىخەتەرلىك ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىدىن ۋاڭ تىڭنى تاپتى ۋە ئاپىسىنىڭ قېشىغا قايتقۇسى بارلىقىنى ئېيتىۋىدى، ۋاڭ تىڭ ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن بۇ ھەقتە يوليورۇق سورىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

كېيىنكى ھەپتىسى، ئانار يەنە ۋاڭ تىڭنى ئىزدەپ باردى. ۋاڭ تىڭ ئۇنىڭغا «چېگرادا كونترول قىلىنغۇچى» چېكىتىنىڭ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئاپتوماتىك بىكار بولىدىغانلىقىنى، شۇ چاغدا پاسپورتىنىڭ ئۇنىڭغا قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئانار گاڭگىراپ قالدى. چۈنكى، ئايىرودرومدا ئۇنى توسۇۋالغان خادىم «چېگرادا كونترول قىلىنغۇچى» چېكىتىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن، ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. ئەمما، ئانار بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەكچى بولغاندا، ۋاڭ تىڭ ئۇنى ئىشخانىدىن چىقىرىۋەتتى.

ئاخىرى ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى، ئانار ئىشنىڭ پۈختا بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەنە بىر كۈن ئارتۇق ساقلىدى. ئاندىن يەنە ۋاڭ تىڭنى ئىزدىدى. ۋاڭ تىڭ قول ئاستىدىكى ساقچىلارنى ئۇنىڭ پاسپورتىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئانار ئۇھ دېدى ـ دە، دەرھال قازاقىستانغا بارىدىغان بېلەتنى زاكاس قىلدى. ئەمما ئالدىنقى قېتىم ئۇنى توسۇۋالغان ئەمەلدار، ئايىرودرومدا يەنە ئۇنى توسۇۋالدى. ئۇنىڭ «چېگرادا كونترول قىلىنغۇچى» چېكىتى يەنىلا بىكار قىلىنمىغانىدى.

«مەن سېنى ئەسكەرتكەن ئىدىمغۇ؟» دېدى ئۇ ئانارغا.

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، ئانار يەنە بىر قېتىم ۋاڭ تىڭنى ئىزدەپ باردى. ۋاڭ تىڭ ئۇنىڭغا بىزارلىق ئىلكىدە گۈلەيگىنىچە، ئانارنىڭ «چېگرادا كونترول قىلىنغۇچى» چېكىتىنىڭ ھەقىقەتەن بىكار قىلىنغانلىقىنى، بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سىستېمىدا كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئازراق ۋاقىت كېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ، يەنە بىر ھەپتە ساقلاپ باققىن، دېدى.

ئانار ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەت چىقىرىپ بېرىشنى سورىۋىدى، ۋاڭ تىڭ قول ئاستىدىكى ساقچىلارغا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ كونسۇلخانىدا پاسپورتىنى ئالماشتۇرغانلىقى سەۋەبلىك تەكشۈرۈلگەنلىكى، ئەمما ھازىر گۇماننىڭ يوققا چىقىرىلغانلىقى توغرىسىدا بىر ئىسپات چىقارغۇزۇپ بەردى. مەزكۇر ئىسپاتتا: «ئۇ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان پائالىيەتلەرگە چېتىشلىقى بارلىقى بايقالمىدى. شۇڭا ئەمدى چېگرادىن چىقسا بولىدۇ» دېيىلگەنىدى. ئۇ ئاشۇ ئىسپاتنى كۆتۈرگىنىچە ئەتىسىدىكى نۆۋەتچى ئايروپىلانغا چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا چېگرادىن ئۆتكۈزۈلمىدى. مەيلى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىنمىغان بولسۇن، ياكى ئەمەل قىلىدىغان قائىدە دەيدىغان بىر نەرسە يوق بولسۇن، ئانارنىڭ ختاينىڭ قولىدىكى ئەسرگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئۇ ۋاڭ تىڭنىڭ خىزمەتدىشىدىن ئۆزىگە قارىتىلغان چېگرا كونتروللۇقىنى بىكار قىلىش تەلىپىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلدى. مەزكۇر تەلەپ ئالدى بىلەن كۈيتۈن قاراشلىق بولغان ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزىگە، يەنى 400 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى غۇلجا شەھرىگە، ئاندىن ئۇ يەردىن كۈيتۈندىن 250 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۈرۈمچىگە يوللىناتتى. ئانار ئۆز رەسمىيەتلىرىنىڭ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالاقىدار خادىملارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئۇلارنى سۈيلەپ تۇرۇشنى

قارار قىلدى. ئۇ پويىز ئىستانسىسىغا كەلگەندىن كېيىن، ھەممە يەرگە ئېسىۋېتىلگەن شوئارلارنى كۆرۈپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بىلدى. بۇ سىياسىي جەھەتتىن سەزگۈر مەزگىل ئىدى.

ئانار غۇلجىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىنى بىلدى، ئۇنىڭ ئىلتىماسى ئۆرۈمچىگە يوللىنىپ بولغانىدى. كېيىنكى قېتىملىق پويىز يەنە بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن يولغا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئانار غۇلجىدا ياشايدىغان كېسەلچان ھاممىسىنى يوقلاپ باردى. ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئانارنىڭ تېلېفونى سايرىدى.

تېلېفون كۇيتۇن ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىدىن كەلگەنىدى.

«سەن قەيەردە؟» دېدى ساقچى ۋارقىراپ تۇرۇپ.

ئانار ئەھۋالنى ئۆز پېتى ئېيتتى.

«تېخى بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا كۇيتۇندە ئىدىڭغۇ؟ نېمىشقا تۇيۇقسىز غۇلجىغا كەتتىڭ؟» دېدى ساقچىخانا مۇدىرى.

ئۇ يەنە ئانارىدىن پويىز بېلىتىنى رەسىمگە تارتىپ يوللاپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن غۇلجىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنى، شۇنداقلا، مەلۇم بىر ھۆججەتكە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن دەرھال كۇيتۇنغا قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى.

«بۈگۈن كەچنىڭ پويىزىدىلا قايتىپ كەل» دېدى ئۇ.

مۇئاۋىن ساقچىخانا مۇدىرى ئانارنىڭ دېلوسىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغاندەك قىلاتتى. مەزكۇر ساقچىخانا مۇدىرى يەنە ئانارنىڭ (كۇيتۇنگە قاراپ) يولغا چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى سوراپ ئۈچۈر يوللىدى. ئانار كۇيتۇنگە كەلگەندە، يېرىم كېچە بولغان بولۇپ، ماشىنا توختىتىش ئورنى بوش ئىدى. ئۇ پويىز ئىستانسىسىنىڭ سىرتىدىكى كوچا چىرىغى ئاستىدا، ئۆزىنى ساقلاۋاتقان بىر ساقچى ماشىنىسىنى كۆردى. ماشىنىدا، بىرى خىتاي، يەنە بىرى قازاق ئىككى ساقچى بار ئىدى. يول بويى بۇ ئىككى ساقچى ماشىنىدا زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى، ئانار ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بۇنچە جىددىي چاقىرتىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، قازاق ساقچى بوش ئاۋازدا ئۇنىڭ «مەكتەپ»كە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ ساقچىنىڭ ئۆزىگە قازاقچە گەپ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئانار ئۇنىڭدىن سوئال سورىسام بولىدىكەن دەپ ئويلاپ، ئىشەنگۈسى كەلمىگەن ھالدا: «مۇئاۋىن مۇدىر مېنى ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن قايتىپ كەل دېگەنىدىغۇ؟ ماڭا چاقچاق قىلمايۋاتىدىغانسىز؟» دېدى.

ئەمما قازاق ساقچى بېشىنى چايقىغىنىچە: «چاقچاق قىلمىدىم» دېدى. ساقچىخانىدا ئانارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزى يەنە كامېرغا سولاندى.

ئەتىسى، ئۇ يەنە بىر قېتىم سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە ئېلىپ بېرىلدى. ئېنىقكى بۇ ئۇنى «قايتا تەربىيىلەش»كە ئەۋەتىشتىن ئىلگىرىكى زۆرۈر تەرتىپ ئىدى.

ئەمما ئانار بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمىدى. بۇ (مۇشۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن كىشىلەردە) كۆپ ئۇچرايدىغان ئىنكاس بولۇپ، ئاۋستىرىيە روھىي كېسەللەر دوختۇرى ۋىكتور فرانكل (VİKTOR FRANKL) بۇنى «كېچىكتۈرۈپ جازالىنىش خام خىيالى» دەپ ئاتىغانىدى. فرانك بۇ خىل خىيالنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغانلىكى ھېسسىياتنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. چۈنكى، ئۇ ناتسىستلارنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقى مەزگىلىدە ئاۋشۋىز (AUSCHWİTZ) جازا لاگېرىغا ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇ كېيىنچە ئەسلىمىسىدە شۇنداق دەپ يازىدۇ: «پويىز ۋوگزالغا كىرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، <ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتقىچە> يەنىلا ئەھۋال بۇنچە ناچار بولۇپ كەتمەس، دەپ ئويلىغانىدىم».

**(4)**

ئانار بىلەن يەنە بىر ئۇيغۇر ئايال ساقچىخانىدىن ئەچىقىلىپ، سىم رىشاتكىلار بىلەن قورشالغان بىر رايونغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ يەرگە «كۆيتۇن شەھەرلىك كەسىپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە باشقۇرۇش ئىدارىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى. ئىچىدە ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بار بولۇپ، ئىلگىرى ساقچىخانا بولغان بۇ بىنا، ئوپۇل - توپۇللا ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىلگەنىدى. ئانار بىلەن ھېلىقى ئۇيغۇر ئايال بىناغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، تامغا قاراپ تۇرۇشقا بۇيرۇلدى. ئانار بۇ يەرنى ئىنچىكە كۆزىتىپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما چىراغ بەك سۇس بولغاچقا، مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئۇيغۇر ئايال بولسا يىغلاپ كەتتى.

«قالايمىقان مىدىرلاشما!» دېدى بىر ساقچى ۋارقىراپ تۇرۇپ.

ئانار بۇ ساقچىنىڭ خىتايچىسىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ قازاق ئىكەنلىكىنى بايقىدى - دە، كۆڭلىدە ئۇنىڭدىن (يەنى ئۆز دىنداشلىرىغا، قېرىنداشلىرىغا قارشى دۈشمەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ مەلئۇندىن) تولىمۇ سەسكىنىپ كەتتى. ئاندىن بۇ ئىككى ئايال ئۈچىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىلدى. يولدا، ئانار كۆلرەڭ فورما كىيگەن بىر نەچچە ئەر مەھبۇسنى كۆردى - يۇ، ئۇلارنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىدىن چۆچۈپ، دەرھال كۆزىنى ئەپقاچتى.

ئانار بىر چوڭ ئۆيگە ئېلىپ كىرىلدى ۋە كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ، پۈتۈن بەدىنى تەكشۈرۈلدى. ئۇ كىيىنىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، بىر قوغدىغۇچى: «19 - قۇرۇلتايدىن ئىلگىرى ئادەم قويۇپ بېرىلمەيدۇ، 19 - قۇرۇلتايغا يەنە بىر قانچە كۈن قالدى» دېدى.

قاماقخانا ئىشخانىدىن ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، تام، ئىشىك ۋە دېرىزىلىرىگە تۆمۈر لوم ئورنىتىلغاچقا، قارىماققا گويا تۆمۈر قەپەسكىلا ئوخشايتتى. ئىشىك كېشەككە تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئاران ئوتتۇز ـ قىرىق سانتىمېتىرلا ئاچقىلى بولاتتى. مەھبۇسلار ئىشىكتىن كىرىپ ـ چىقىشتا يانچە بولۇپ ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئانارنىڭ ھۆجرىسىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر، ئىچىگە قوش قەۋەتلىك كارىۋاتتىن بەشى قويۇلغان، تورۇسقا ئۈچ كامېرا ۋە بىر مىكروفون ئورنىتىلغان ئىدى.

كامېردا يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بىر نەچچە ئايال بار ئىدى، كېيىن يەنە بىر قانچە ئايال ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار بىردەك ھالدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 19 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى سەۋەبىدىن سىستېمىلىق ھالدا قولغا ئېلىندۇق (يەنى قۇرۇلتايدىن كېيىنلا، قويۇپ بېرىلىمىز) دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى **WHATSAPP** يۇمشاق دېتالىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇلغانىدى. بىر قىز ئامېرىكادا ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن يۇرتىغا قايتقانىدا، تاپشۇرۇق تاپشۇرۇش ئۈچۈن **VPN** ئىشلەتكەنلىكى ۋە **GMAİL** (گۇگېلنىڭ ئېلخەت مۇلازىمىتى)غا كىرگەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تۈركىيەگە ساياھەتكە بارغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان 17 ياشلىق بىر قىزمۇ بار ئىدى.

ئانار بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىنگەن ئۇيغۇر ئايالمۇ ئاشۇ كامېرغا تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئانارغا ئېيتىشىچە، ئۇ بىر قانچە يىل ئىلگىرى قەشقەرگە ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىنى سېتىۋالغان، ئەمما قوم بورىنى سەۋەبىدىن ئايروپىلان ئۇچالمىغاچقا، ئاۋىياتسىيە شىركىتى ئايرودرومدىكى ھەممەيلەننى مەلۇم بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرغان. كېيىن، كۈيتۇن ساقچىلىرى ئۇنى قولغا ئالغان ۋە ئاشۇ مېھمانخانىدا گۇمانلىق ئىككى كىشى بارلىقىنى، شۇڭا بۇ ئايالنىڭمۇ شۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان (تىپىك خىتايچە تەپەككۇر، ت). گەرچە ئۇ خىتاي كومپارتىيەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ئىككى گۇماندار بىلەن بىر مېھمانخانىدا تۇرغانلىقى (گەرچە بۇنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسىمۇ) ساقچىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاشقا يېتىپ ئاشاتتى.

ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» دوختۇرخانا ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەرگە زىنھار ئوخشىمايدىغان بولۇپ، چېن چۈەنگو بۇ جايلارنى «ئارمىيەگە ئوخشاش باشقۇرۇش، تۈرمىگە ئوخشاش قوغداش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى.

ئانار ۋە باشقا ئاياللار يالتىراق سىزىقلىق، ئۈستىگە رەسىم چاپلانغان كۆلرەڭ «ئوقۇغۇچىلار فورمىسى»نى كىيىشكە مەجبۇر بولدى. ئەر قاراۋۇللار كارىدورنى ۋە بىنانىڭ سىرتىنى 24 سائەت چارلايتتى. ئايال خىزمەتچىلەر بولسا ئىنتىزامغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلار ئانار ۋە باشقىلار قەيەرگىلا بارسا، ھەتتا

هاجەتخانىغمۇ ئەگىشىپ باراتتى. قاراۋۇل يوق يەردە، كۆزىتىش كامېراسى بار ئىدى. ھەتتا مۇنچىدا يۇيۇنغاندىمۇ بۇ ئىككىسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايتتى.

بۇ يەردە پەقەت خىتايچىلا سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىناتتى. بەزى ياشقا چوڭ ئاياللار خىتايچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايتتى، شۇڭا ئۇلار ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر نەچچە سۆزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرۋاقىت سۈكۈت قىلىشى كېرەك ئىدى. ھەركىم ھەرقانداق ئۆيگە كىرگەندە «دوكلات!» دەپ توۋلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما نۇرغۇن ئاياللار بۇ قائىدىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، قاراۋۇللارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغاندى. «بىگۇتۇەن»دىن كەلگەن بىر قاراۋۇل شۇ سەۋەبلىك دائىم كۆپچىلىكنى تىل ـ ھاقارەتكە كۆمۈۋېتەتتى. ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلار جازالىناتتى. جازا تەدبىرلىرى كىچىك ئۆيگە سولاپ قويۇش، كېچىچە يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ دائىم تەرنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ: «ئەگەر ئىپادەڭ ياخشى بولمىسا، بۇ يەردە ئۆمۈر بويى قالىسەن» دەيتتى.

ئانار ئۆزلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت كونترول ئاستىدا ئىكەنلىكىنى تېزلا چۈشىنىپ يەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى چوقۇم دەل سائەت سەككىزدە ئورنىدىن تۇرۇشى كېرەك ئىدى، مۇنچا ۋە ھاجەتخانىغا بارغاندىن باشقا ۋاقىتتا، 24 سائەتنىڭ ھەممىسىنى كامېردا ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى يۇيۇشى ۋە چىش چوتكىلىشىغا ئۈچ مىنۇت، كىچىك تەرەت قىلىشىغا بىر مىنۇت ۋاقىت بېرىلەتتى. يۇيۇنۇش ۋاقتى بەش مىنۇتتىن ئېشىپ كەتسە بولمايتتى، بەزى ئاياللار ۋاقىتنى مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكتىن، بەدىنىدىكى سوپۇننى چايقىۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمەستىنلا، مۇنچىدىن قوغلاپ چىقىرىلاتتى.

تاماق يېگەندە، بۇ ئاياللار كامېرنىڭ ئىچىدە ئىشككە دۈمبىسىنى قىلىپ، بىر رەت بولۇپ تىزىلىپ، تاماق ھارۋىسىنى ساقلايتتى. ئۇلارغا بېرىلگەن ئىستاكان ۋە قاچىلار ناچار سۈلياۋدىن ياسالغان بولۇپ، ئانار بۇ قاچا ۋە ئىستاكانىنىڭ ئىسسىق يېمەكلىك ئۇسۇلغاندىن كېيىن لۆمۈلدەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، زەھەرلىك ماددىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەككە سىڭىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى. ئانارنىڭ كامېرىدا ئۈستەل يوق ئىدى. ئەمما، ھەممەيلەننىڭ ئورۇندۇقى بار بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قاچا ـ قۇچىلارنى يەرگە قويۇپ، ئېڭىشىپ تاماق يېيىشكە مەجبۇر ئىدى. ئەگەر ئۇلار (ھايۋانىنىڭ ھەلەپلىرىدىنمۇ بەتتەر بۇ تاماقلارنى كۆڭلى تارتمىغانلىقتىن) تاماقنى بەك ئاستا ياكى بەك ئاز يېسە، تەنبىھ ئاڭلايتتى. ياشانغان ئاياللار ۋە چىشىدە مەسىلە بارلار بۇ جەھەتتە بەكلا قىينىلاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ يېشى ۋە كېسىلى ئۇلارنى ھاقارەتلىنىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايتتى.

كۈندۈزى، مەھبۇسلارنىڭ كارىۋاتتا ئولتۇرۇشىغا يول قويۇلمايتتى ـ يۇ، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۇخلاش ئۈچۈن مەجبۇرىي ياتقۇزۇلاتتى. كەچ سائەت ئوندا، ئۇلار ئۇخلاشقا بۇيرۇلاتتى. ئەمما كامېردىكى چىراغلار ھەرگىز ئۆچۈرۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئەدىيال ياكى لۆڭگە بىلەن كۆزىنى يېپىۋېلىشىغىمۇ يول قويۇلمايتتى (ياشراق مەھبۇسلار ئۈستىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلاشنى تەلەپ قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ پەستىكى

كارۋاتتا ئازراق بولسىمۇ يورۇقلۇقتىن خالىي ئۇخلىۋېلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرەتتى). بىرەركىم گەپ قىلىپلا قالسا، كانايدىن قۇلاقنى يارغۇدەك تەنبىھ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كامېردىكى ھەممەيلەننى تەڭ بىئارام قىلاتتى. كەچتە تازىلىق ئۆيىنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلغانلار قاراۋۇللارنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغاچقا، بارا ـ بارا كۆپچىلىكمۇ ھاجەتخانىغا چىقمىز دېمەس بولدى.

ئۇلار چۈشكۈن ئىدى، ئازاب ئىچىدە تولغىناتتى، دائىم تىل ـ ھاقارەتكە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، دەرتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى ئۇلار قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈنمۇ جازالىناتتى. «بۇ يەردە يىغلاشقا بولمايدۇ» دەيتتى قاراۋۇل ئۇلارغا. لاگېر ئۇلارغا كامېراغا كۆرسەتمەستىن، يۈزلىرىنى بۇراپ، ئۈن ـ تىنسىز يىغلىغىنىچە ئۇخلاپ قېلىشنى ئۆگەتكەنىدى.

ئانار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنكى 12 ـ كۈنى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ئاخىرلاشتى ۋە ئايال مەھبۇسلار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى تەرىپىدىن سوراققا تارتىلدى.

ئانار بىر سوراقخانىغا ئېلىپ كېلىندى، بىر ساقچى ئۇنىڭغا: «ئىشلىرىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى» دېدى. ئانار دۆلەت بىخەتەرلىك ئەترىتى ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يازما ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ نېمىشقا قايتا تەربىيەلەش لاگېرىغا ئەكېلىنگەنلىكىنى سورىدى. ساقچى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك قويۇپ بېرىلىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. ئەمما ھېچكىم قويۇپ بېرىلمىدى. ئاندىن، ئانارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلغىنىغا بىر ئاي بولغاندا، لاگېر مەسئۇللىرى كۆپچىلىكنىڭ ھەپتىدە ئالتە كۈن خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشنى باشلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەلۇم بىر تۇتقۇننىڭ ئۈچ ئاي خىتاي تىلى ئۆگەنگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئانار «مەنمۇ بارلىق دەرسلەرنى ئاسانلا تاماملاپ، ‹ئوقۇش پۈتتۈرەلەيمەن›» دەپ ئويلىدى.

سىنىپ ئانارنىڭ كامېرىنىڭ يېنىدىلا بولۇپ، ئۇنىڭمۇ (ئىشىك ـ دېرىزە دېگەندەك) ھەممە يېرىگە تۆمۈر لوملار ئورنىتىلغانىدى. سىنىپقا قاتار ـ قاتار ئۇستەل تىزىلغان بولۇپ، ئالدى تەرەپتىكى تۆمۈر توسۇقنىڭ كەينىدە بىر مۇنبەر بار ئىدى. ھەر بىر بۇلۇڭغا بىردىن كامېرا ئورنىتىلغان بولۇپ، دەرس ۋاقتىدا، ئىككى ساقچى قاراۋۇللۇق قىلاتتى.

ئۇلارغا دەرس ئۆتكەن Y مۇئەللىم ئەسلىدە مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، مەكتىپىدىن يۆتكەپ كېلىنىپ، ھەپتىنىڭ كۆپ قىسمىدا بۇ يەردە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

تۇتقۇنلارغا ئۈچ مىڭ خىتايچە خەت ئۆگىنىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. گەرچە ئانارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە مەھبۇس شۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە كۆپ خىتايچە خەتنى بىلسىمۇ، ئەمما مەھبۇسلارنىڭ خىتايچىنى قانچىلىك راۋان سۆزلىيەلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار باشقىلار تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولغانغا قەدەر

قايتا ـ قايتا تاپشۇرۇق ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى. بەزى ياشانغان ئاياللار ئەزەلدىن مۇنتىزىم خىتاي تىلى تەربىيەسى كۆرۈپ باقمىغاچقا، دەرستە بەكلا قىينىلىپ كېتەتتى. ئانار ۋە باشقا بىر قانچەيلەن ئۇلارنى جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا مەخپىي ياردەم قىلاتتى.

ھالبۇكى، بۇ دەرسلەرنىڭ تىل بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. مەلۇم بىر ھۆكۈمەت ھۆججىتىدە دېيىلگىنىدەك، قايتا تەربىيىلەش تۇتقۇنلار بىلەن ئۇلارنىڭ يەرلىك كۇلتۇرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈشنى مەقسەت قىلغانىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەركۇر ھۆججىتىدە «<نەسلىنى قۇرۇتۇش، يىلتىزىنى كېسىش، باغلىنىشنى ۋە مەنبەنى ئۈزۈش> تەدبىرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش» تەلەپ قىلىنغانىدى.

ئانار ۋە باشقىلار كومپارتىيە ناخشىلىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ھەر قېتىملىق تاماقتىن بۇرۇن يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىشى كېرەك ئىدى (ئەگەر ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى يېتەرلىك بولمىسا، قاراۋۇللار يېمەكلىك بەرمەيدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالاتتى). ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆلەتكە بولغان ساداقىتىنى كۆرسەتمىسە بولمايتتى:

خىتاي كومپارتىيەسىنى قىزغىن سۆيىمىز!

ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمىز!

خىتاي خەلقىنى قىزغىن سۆيىمىز!

خىتايچە سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىمىز!

ئۇلار يەنە خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېششىنى ۋە قۇدرىتىنى مەدھىيەلىگەن «يۈز يىللىق دولقۇن ــــ خىتاي چۆشى» قاتارلىق فىلملەرنى كۆرۈشكە، شۇنداقلا فىلمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرىلىشىشكە مەجبۇرلىناتتى. تۇتقۇنلار تەشۋىقات شوئارىنى تەكرارلاپ، كومپارتىيىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. شەنبە كۈنى، تەكلىپلىك خادىملار تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى توغرىسىدا دەرس سۆزلەيتتى. تۇتقۇنلار يەنە دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ 75 تۈرلۈك «ئىپادىسى»نىمۇ يادلىمىسا بولمايتتى.

ئانار بۇنداق دەرسلەرنى «تېرور»لۇققا قارشى تۇرۇش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى تولىمۇ بىمەنىلىك دەپ قارايتتى. چۈنكى، بۇ يەرگە سولانغان ياش ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ھەپتە ئاخىرىدا بەزمىخانىلارغا بېرىپ قويىدىغانلاردىن بولۇپ، دىن بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، دىنىي ئاشقۇنلۇقتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ياشانغان ئاياللار گەرچە ئەنئەنىۋىراق بولسىمۇ، ئۇلارمۇ (خىتايغا) تەھدىت

شەكىللەندۈرەلمەيتتى. ئەمما ئۇلارنى لاگېرغا سولىۋالغاندا، كۇلتۇرەل ئەنئەنىلەرنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىششىنى توسۇپ قالغىلى بولاتتى.

ئانار ۋە باشقا مەھبۇسلار دائىم نومۇر كۆرستىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇ نومۇرلار زىيارەتكە كەلگەن كومپارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ «ئىلگىرىلەش» ئەھۋالىنى ۋە «قايتا تەربىيەلەش لاگېرى»نىڭ ئۈنۈمنى تەكشۈرگىلى كېلەتتى.

بۇ نومۇرلار دەسلەپتە قاراۋۇللار ئۇخلايدىغان ئۆيدە رېپىتىس قىلىناتتى. كۆپچىلىك شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنى دېكلاماتسىيە قىلىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىلىرىنى ئېيتىشى، ئۇسسۇل ئويىنىشى ۋە خىتاي كۇلتۇرىگە بولغان ئېھتىيارلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلىشى كېرەك ئىدى. «ھەرۋاقىت تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇڭلار، بۇ يەردە ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىڭلار ئىپادىلەنسۇن» دەيتتى قاراۋۇل.

ئانار بۇ خىل نومۇرلاردىكى ئاساسلىق ئارتىس ئىدى. چۈنكى، ئۇ خىتاي تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن بولغاچقا، لاگېر دائىرىلىرى ئۇنىڭغا تايىنىپ «قايتا تەربىيەلەش»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايتتى.

ھەر قېتىملىق زىيارەت جەريانىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار: «خاتالىقىڭلارنى تونۇپ يەتتىڭلارمۇ؟» دەپ سورايتتى، تۇتقۇنلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئالىلقاچان يازما تۆۋنامە تەييارلاپ قويغان بولاتتى. قاراۋۇللارمۇ «تۆۋنامە يازمىغانلار لاگېردىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيدۇ» دەپ قورقۇتۇپ تۇراتتى. بۇ خىل مەجبۇرىي تۆۋە قىلدۇرۇشنىڭ مەنتىقىسى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، يەنى تۇتقۇنلار ئەركىنلىككە ئېرىشمەكچى بولسا چوقۇم ئۆزىنى ئىنكار قىلمىسا بولمايتتى.

ئانار ۋە باشقا مەھبۇسلار قايتا - قايتا «تۆۋە» قىلدى - يۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قويۇپ بېرىلمىدى، بارا - بارا ئانارنىڭ ئۈمىدلىرى بەربات بولدى. 2018 - يىلى 2 - ئايدا، خىتاينىڭ چاغىنى يېتىپ كەلدى، كۆپچىلىك چاغانلىق نومۇرغا تەييارلىق قىلدى.

ئاندىن نومۇر ئورۇندايدىغان ۋاقىت يېقىنلاشقاندا، ئانار شۇ قېتىملىق پائالىيەتتىن كېيىن ئەسلىدە «ئوقۇغۇچى» بولغان بارلىق مەھبۇسلارنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئانار كانادادا مەكتەپكە تىزىملاتقانلىقتىن، ئۆزىنىڭمۇ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى مەسئۇل خادىملارغا ئېيتىۋىدى، ئۇلار ئانارنى قويۇپ بېرىشكە قوشۇلدى. ئانار ھەتتا ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر جەدۋەلنىمۇ تولدۇردى. مۇدىر ئۇنىڭغا رەسمىي يولغا چىقىش ۋاقتىنى ساقلاشنى ئېيتتى. ئەمما، ئانار نۇرغۇن قېتىم زەربىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، بۇ ئىشتىن ئانچە ئۈمىد كۈتۈپ كەتمىدى.

(5)

ئانار ۋە باشقا ئوقۇغۇچىلار قويۇپ بېرىلىشنى كۈتۈپ تۇرغاندا، جازا لاگېرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى تۇيۇقسىزلا قويۇپ بېرىش قارارىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بىر قاراۋۇلنىڭ ئانارغا ئېيتىشىچە، بۇنىڭغا بىر خىتاي ئەمەلدارنىڭ (يەكەن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ سابىق سېكرېتارى ۋاڭ يوڭجىنى دېمەكچى) يۇقىرىنىڭ رۇخسىتىسىزلا لاگېردىكىلەرنى قويۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى سەۋەب بولغانمىش. «ھازىر ھېچكىم سىلەرنى قويۇپ بېرىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ھېچكىمنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇسى يوق» دېدى ئۇ قاراۋۇل.

ئانارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋاقتى ئۇزارغانسېرى، ئۇنىڭ ئەركىنلىك يولى شۇنچە خىرەلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دەل شۇ مەزگىلدە، لاگېر خادىملىرى «نومۇر سىستېمىسى»نى يولغا قويدى. بۇ سىستېمىغا كۆرە، تۇتقۇنلارنىڭ ھەربىرىگە نومۇر قويۇلاتتى، نومۇرى مۇئەييەن چەككە يەتكەنلەر، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈش (ئەلۋەتتە لاگېر ئىچىدە)، ھەتتا قويۇپ بېرىلىش قاتارلىق بەزى ئىمتىيازلارغا ئېرىشەلەيتتى. ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجە ئالسا نومۇرغا ئېرىشكىلى بولاتتى. تەشۋىقات شوئارلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئىدىيىۋى دوكلات»مۇ نومۇر ئېلىشنىڭ ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىدى. مەھبۇسلار بىر - بىرىنى پاش قىلسىمۇ (چاقسىمۇ) نومۇر ئالالايتتى. ئانارنىڭ ئەسلىمىسىگە كۆرە، ئۇنىڭ ياتىقىدا خۇددى كامېراغا ئوخشاش (ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان) بىر مەھبۇس بار ئىدى.

ھەركىم ئۆزىدىن نومۇر تارتىلىشتىن تەشۋىشلىنىپلا يۈرەتتى. شۇنچىكى خاتالىق سەۋەبلىكلا، قاراۋۇللار سىزدىن بىر نومۇر تارتىلغانلىقنى جاكارلايتتى. ئەگەر مەسىلە ئېغىرراق بولسا، ئون نومۇر تارتىلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، كۆپچىلىك ئۆزىنىڭ زادى قانچە نومۇرى بارلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتى ۋە شۇ سەۋەبلىك مۇشۇ «نومۇر»نىڭ زادى مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنىمۇ جەزملەشتۈرەلمەيتتى.

2018 - يىلى قىشتا، تۈركۈملىگەن يېڭى مەھبۇسلار لاگېرغا ئېلىپ كېلىندى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ كىشىلەر (پالانى رايوندىن مۇنچە ئادەم تۇتۇلۇشى كېرەك دېگەن شەكىلدە) بېكىتىلگەن نورمىغا ئاساسەن تۇتۇلغانىدى. «بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى»غا ئىشتىراك قىلغان بىر ئەمەلدارنىڭ كېيىن «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى»غا ئېيتقىنىدەك: «بىز كىشىلەرنى خالىغانچە قولغا ئېلىشقا باشلىدۇق: مەھەللىدە جېدەل چىقارغان، ھاراقكەش، بىكار تەلەت دېگەنلەرنى قارىقويۇق قولغا ئالدۇق ۋە ئۇلارنى ئاشقۇنلار دېدۇق». بۇ تۇتقۇنلارنىڭ ئىچىدە، كىچىك دۇكان ئاچىدىغان بىر ئايالمۇ بار بولۇپ، ئۇ «دۇكىنىغا قىمىز ئەكېلىپ بېرىدىغان كىشى گۇمانلىق» بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان.

ئانار تۇرۇۋاتقان لاگېرغا ئەكېلىنگەن يېڭى مەھبۇسلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار لاگېرغا ئەكېلىنىشتىن ئىلگىرىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا ئۇيغۇر ۋە قازاق مەھبۇسلارنىڭ بېشىغا خالتا، پۇت - قولىغا زەنجىر -

كىشەن سىلىنغان. قاتتىق ئۇرۇلغان، يېگىلى بولمايدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە مەجبۇرلانغان، مەھبۇسلارنىڭ كارىۋاتلىرى يوق ـ سۇيدۇك ۋە قان ئىزلىرى بىلەن تولغان.

ئايلار شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كېتىۋەردى، مەھبۇسلار بارغانسېرى تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى. بەزىلەرنىڭ چېچى بالدۇرلا ئاقىرىپ كەتتى. نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ھەيزى توختاپ كەتتى. ئانار بۇنىڭ لاگېردا مەجبۇرىي ئۇرۇلغان ئوكۇل ياكى بېسىم سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلالمايتتى.

بىر كۈنى دەرستە، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆيۈنچىسى لاگېرغا سولانغان بىر قىز تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ، يەرگە يىقىلدى. ئاشۇ سىنىپتا ئولتۇرۇۋاتقان ئاچىسى يۈگۈرۈپ سىڭلىسىنىڭ يېنىغا باردى. كۆپچىلىك يىغلاشقىنىچە ئۇ قىزغا ياردەم بېرىشكە تەمشىلىۋىدى، قاراۋۇللار تەرىپىدىن توسۇۋېلىندى. قاراۋۇللار بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي «يىغلاشما!» دەپ توۋلىدى ۋە ساقچى كالتىكى بىلەن تۆمۈر رېشاتكىغا ئۇرۇپ ھەيۋە قىلدى. «بىز قورقۇنچ ئىلكىدە يىغىمىزنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇق» دەيدۇ ئانار.

روھىي ئازابنىڭ ئالامەتلىرىنى ھەممىلا جايدا كۆرگىلى بولاتتى. ھېچقانچە مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەن بىر ئۇيغۇر ئايال خىتايچە تېكىستلەرنى ۋە خەتلەرنى يادلاش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشقانىدى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ تۇيۇقسىز ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى ۋە ھېچكىمنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. قاراۋۇل دوختۇرنى باشلاپ كىرىپ كېلىپ، ئۇنى ئەچىقىپ كەتتى. ئەمما، لاگېر مەسئۇلى ئۇنى يالغاندىن كېسەل بولۇۋالغان دەپ، كامېرغا قايتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئايال پات ـ پاتلا تارتىشىپ قېلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما لاگېردىن قويۇپ بېرىلمىدى.

ئانارمۇ ئۆزىنى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى، دېمىسىمۇ ئۇ ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى. يېگەن ـ ئىچكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا بىر يۇتۇم سۇنىمۇ ياندۇرۇۋېتەتتى. ئۇ ئاخىرى قۇسۇشنى توختىتىش ئۈچۈن دورا يېيىشكە مەجبۇر بولدى.

بىر قېتىم، خىتاي قاراۋۇل ئۇنىڭغا لاگېرنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ «ئانارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، ئانار ئۆزىنىڭ بىئارام بولغانلىقىنى ئىپادىلىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ كۈلۈپ قويىدى ـ يۇ، ئەمما قاراۋۇل كەتكەندىن كېيىنلا، كامېرادىن دالدىلىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# مانا بۇ مېنىڭ ئۇستازىم

ھېيتاخۇن مەتمىن

# ئۇستازىم مۇھەممەت ئېلىئاخۇن خەلپىتىمنى ئەسلەيمەن

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

يىتۈك ئالىم، مۇدەررىس مۇھەممەت ئېلىئاخۇن خەلپىتىم 1930 - يىلى خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسى، چىرا كەنتىدە تۇغۇلغان. ئىلگىرى كېيىن بولۇپ باشلانغۇچ دىنىي بىلىملەرنى چىرىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1947 - يىلى پىيادە مېڭىپ بېرىپ كېرىيەدىكى قالۇق مەدرىسىدە سەرپ ۋە نەھۋدىن باشلاپ ئۈچ يىلدەك ئوقۇغان. 1953 - يىلى شۇ دەۋردە خوتەندىن ئۇلاغ ئارقىلىق قاتنىغاندا بىر نەچچە ھەپتىدە يېتىپ بارىدىغان قەشقەرگە مىڭبىر جاپادا ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ كارۋىنىغا قوشۇلۇپ بېرىپ، مەشھۇر خانلىق مەدرىستە ئاتاقلىق ئۆلىمالاردىن ئىمىن مەۋلىۋى داموللام قاتارلىقلاردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ يىللار دەل مەدرىس، مەسچىتلەرنىڭ كىرىم مەنبەسى بولغان تېرىلغۇ يەر ۋە مال - چارۋىلار كوممۇنىست قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغاچقا، مەدرىسگە ئوقۇغىلى كەلگەن تالىپلارنىڭ كۈندىۈزى مەدىكارچىلىق قىلىپ، ئىشلەپ جان بېقىشىغا توغرا كېلەتتى. مەمەت ئېلى خەلپىتىممۇ ئەتىگەن - ئاخشام ئەپكەچتە سۇ توشۇپ مەدىكارچىلىق بىلەن جېنىنى بېقىپ، ئېشىنغان ۋاقىتتا ئوقۇپ ئۇسۇلۇددىن، ئۇسۇل فىقھى ۋە ئۇسۇل ھەدىس قاتارلىق بىلىملەرنى ئوقۇپ، دىنىي ئىلىملەر بويىچە دەۋرگە نىسبەتەن بىر قەدەر يۇقۇرى مەلۇماتلىق ئالىم بولغان.

خەلپىتىم 1958 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قەشقەر ساقچى باشقارمىسى تەرىپىدىن ئىنقىلاپقا قارشى چىققان ئۇنسۇر دەپ قولغا ئېلىنىپ، ئۇدا ئۈچ يىل قاراڭغۇ زىندانغا تاشلانغان. كوممۇنىست ھۆكۈمەت زىنداندىن سىرتقا چىقىرىپ باشقارمىنىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرىغا سالغان، 1965 - يىلغا كەلگەندە مەخپىي سوت ئېچىلىپ توققۇز يىللىق ھۆكۈم كېسىلگەن ۋە پەيزاۋاتتىكى قاراقچىن مەيدانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. خەلپىتىم تۇرغان بۇ جايدا قاغىلىقتىن ئابدۇلھېكىم مەخسۇم، ئابدۇرېشىت قارىم، ئەمەتخان كىتاپچى، ياقۇپ قارىم، سەدىرىدىنخان مەخسۇم ۋە سالىھجان قارىم قاتارلىق ئۆلىمالارمۇ بار بولۇپ، ھەممىسنى ئايرىم - ئايرىم گۇرۇپپىلارغا تەقسىم قىلىۋېتىدۇ. خەلپىتىمنى بولسا 4 - قوراللىق ئەترەتكە تەقسىم قىلىدۇ. خەلپىتىم بۇ ئەترەتتە بوز يەر ئېچىش، دېھقانچىلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىش ئارقىلىق تۈرمە جازاسىنى ئۆتەيدۇ. خەلپىتىم 1968 - يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ئارقىدىن قاراقچىن مەيدانى تەۋەلىكىدىكى ئاتالمىش يېڭى ھايات مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ مەيداننىڭ تۈرمىدىن پەرقى ھەر ئاي باھالىنىپ ياخشى ئىشلىگەنلەرگە ئايدا 18 يۈەن مائاش بېرىلىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. كادىرلاردىن رۇخسەت

ئالالسا ئۈچ ـ تۆت ئايدا بىر قېتىم بازارغا بارالايدىغان بولىدۇ. 1970 ـ يىلى پەيزاۋات قاراقچىن مەيدانىدىن مارالبېشى تەۋەلىكىدىكى جاڭبۇ يېڭى ھايات مەيدانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. بۇ جايدىمۇ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىپ، بوز يەر ئېچىش، يەر تېرىش ۋە چارۋا بېقىشقا سېلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ يەنە توققۇز يىلنى مەجبۇرىي ئەمگەك مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزىدۇ. ئالدى ـ كەينى بولۇپ 18 يىللىق ھاياتى شۇ تەرىقىدە خىتاينىڭ قولىدا نابۇت بولىدۇ. تۈرمىدىن چىقىپلا خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە دىني مائارىپقا ئۆزىنى بېغىشلىغان خەلپىتىم 80 ـ يىللاردىن تاكى ئاخىرقى ئۆمرىگە قەدەر خوتەن ئىلچى ناھىيىسىگە قاراشلىق دۆڭۋاغ مەھەللىسىدە تالىپ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 2004 ـ يىلى تومۇز ئېيىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

مەندە مۇشۇ خەلپىتىمنىڭ قالدۇرغان ئۈچمەس ئىزلىرى بار. مەرھۇمنىڭ كىچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ دەرس ئۆتۈشلىرىنى ئويلىسام، ھۆرمىتىم ئاشىدۇ. خەلپىتىم تالىپلىرىدىن ھېچقانداق ماددىي ھەق ئالمايتتى. بىركۈنى خەلپىتىم خوتەن شەھىرىدىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىزنىڭ چىرا ناھىيە نۇرى يېزىسىدىكى ئۆيىمىزگە كېلىپ، بىرنەچچە كۈن تۇرغان ۋە مەن ئائىلىمىزدىكى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن يېزىدىكى بىرقىسىم جايلارنى ئايلاندۇرغىنىم ئېسىمدە. ئەسلىدە خەلپىتىم ھالال ئەمگىكى بىلەن ئاز بولسىمۇ كىرىم قىلىش ئۈچۈن بۇ تاغلىق يېزىمىزدىن خام تېرە سېتىۋالغىلى كەلگەن ئىكەن. دادام رەھمەتلىك ئۆلىمالارنى، ئوقۇمۇشلۇق ئىنسانلارنى بەك ئىززەتلەيدىغان بولۇپ، مەھەللىدىكى ئۆلىمالارنىمۇ قولىدىن كېلىشىچە يۆلەپ تۇراتتى. خەلپىتىمنىڭمۇ ئىززىتىنى قىلىپ ئۇزاپ ماڭىدىغان كۈنى يېزىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە پەتنۇسقا بىر نەچچە يۈز يۈەن پۇلنى قويۇپ، ئاز بولسىمۇ يوللۇقلىرى بولسۇن، دېسە خەلپىتىم پۇلنى زاكات دەپ ئويلاپ قالغانمۇ، قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىغان. «مېنىڭ چەتئەلدە ئوقۇيدىغان تالىپلىرىم بار، شۇلار مېنىڭ نامىمدىن تىجارەت قىلىپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ماڭا دۇرۇس كەلمەيدۇ» دەپ رەت قىلغان ئىدى.

مەدرىس دېسە كۆپلىرىڭلار يوغان دەرۋازىسى بار، ھەشەمەتلىك قورۇ بولغىيمىدى؟ ـ دەپ قالماڭلار. نەچچە مىڭ تالىپ خوتەندىكى ئاكۆڭۈل خەلقىمىزنىڭ قورۇلىرىدىكى بىرەر ئېغىز ئۆيلىرىدە ھەقسىز يېتىپ قوپۇپ، مۇھەممەد ئەلى خەلپىتىم، ئابدۇلئەھەت مەخسۇم، مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىم، مۇھەممەد قۇربان داموللام قاتارلىق خىتاي زىندانلىرىدىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ چىققان ئۆلىمالاردىن ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆيلەرگە جەم بولۇپ دەرس ئالاتتى.

خىتاي ساقچىلىرى چارلاشقا كېلىدىغان ۋاقىتنى بىرقىسىم ئاكۆڭۈل ئۇيغۇر ساقچىلار ئالدىن مەزكۇر ئۇستازلارغا خەۋەر قىلىپ قويىدىغان بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا قۇتۇلۇپ قالاتتۇق، بەزىدە تۇتۇلۇپ قالىدىغان چاغلىرىمىزمۇ بولاتتى. خەلپىتىمنىڭ دۆڭۋاغدىكى ئۆيىنىڭ كەينىدە كىچىككىنە ئېتىزلىقى بار ئىدى، سەي ـ كۆكتات تېرىيتتى. بىز يىلدا بىرنەچچە كۈنلا قاچانكى ياردەملىشىپ ئىشلىشىپ بەرسەك،

چوقۇم ئېسىل تاماقلارنى ئەتكۈزۈپ غىزالاندۇرماي ياتقىمىزغا قايتقىلى قويمايتتى. كېيىن چۈشەنسەم بۇ خەلپىتىمنىڭ تالىپلىرىنى بىكارغا ئىشلەتكەن، ھەققىنى يېگەن بولۇپ قالماي دېگىنى ئىكەن.

ئۇستازىمىز مۇھەممەت ئېلىئاخۇن خەلپىتىم، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆلىمالىرى ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان نادىر ئۇستازلاردىن بىرى ئىدى. مەرھۇم ئۇستاز (خىتاي تۈرمىسىسىن چىققاندىن كېيىن) بىر ئۆمۈر ھاياتىنى تەلىم ـ تەربىيە بىلەن ئۆتكۈزگەچكە، دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە بېرىلمىگەن، كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ دەرس ئۆتۈش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقتىن تويى ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراق دېگەندەكلەرگىمۇ ئاساسەن قاتناشمىغان ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىستىقبالىغا زىيانلىق، قۇرۇق تالاش تارتىشلارغا، مىللەتنىڭ دىققىنى بۇرايدىغان يوقىلاڭ زىددىيەتلەرگە قەتئىي كىرمەيتتى. ھەتتا 90 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەۋج ئالغان سوپى ـ ۋاھابى تەرەپبازلىقىغىمۇ ئارىلىق ساقلايتتى. تىنىمسىز ۋە خۇپىيانە تالىپ تەربىيىلىگەن ۋە جەمىيەتنىڭ نىزا ـ ئىختىلاپلىرىغا ئارىلىشىپ كەتمىگەنلىكى سەۋەبلىك، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىمۇ خەلپىتىمنىڭ كىملىكىنى ئاساسەن بىلىپ كەتمەيتتى. بىز خەلپىتىمنى ئۇستام دەپ ئاتايتتۇق. بۇنداق ئاتاش مەلۇم جەھەتتىن مەدرىستە ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ ئۆز ـ ئارا پاراڭلىرىدا خەلپىتىمنىڭ ئىسمىنىڭ تىلغا ئېلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پايدىلىق ئامىل دەپ قارىلاتتى.

خەلپىتىم ۋاپات بولغاندا جىنازىسىغا خوتەن خەلقىدىن ئونمىڭلارچە ئادەم قاتناشقان بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن قاتتىق چۆچىگەن خىتاي خەلپىتىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كىملىكى ھەققىدە ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىكەن. شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام بىلىملىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلارنىڭ كۆپ قىسمى خەلپىتىمدىن بىۋاستە دەرس ئالغان ياكى خەلپىتىمنىڭ تالىپلىرىدىن دەرس ئالغان بولۇشى كېرەك دېسەك، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز...

ئۇستازىمىزغا ئاللاھ رەھمەت قىلغاي! ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي! ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى خەلپىتىمدىن ئۆلگە ئېلىشقا نېسىپ قىلغاي!

خەلپىتىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوقۇلغان مەرسىيە

كەتتى

(مۇخەممەس)

قىلىپ دىللارنى كۆپ مەھزۇن، قەدىرلىك خەلپىتىم كەتتى،

ئۆگەتمەكنى نىشان قىلغان پىداكار ھەزرىتىم كەتتى،

كاتاڭدا هارۋا سۆرەشكە چىدامىلىق ئىچ ئېتىم كەتتى،
مائارىپ ئۆلىنى تۇتقان مادارىم، قۇربىتىم كەتتى،
ساداقەتنى شۇئار قىلغان جاپالىق خىزمىتىم كەتتى.

يورۇتتى مىڭلىغان دىلنى، مائارىپ مەشئىلى بولدى،
بىلىم ئەھلىنى تەييارلاش مۇرادى مەقسۇلى بولدى،
زامانمۇ ئاڭا تار كەلدى، جۇدۇنلۇق مەزگىلى بولدى،
تىكەنلىك بولسىمۇ قەتئىي مېڭىش جان ۋە دىلى بولدى،
بۈيۈك مەقسەتكە يەتمەكتە غورۇرۇم غەيرىتىم كەتتى.
ئىلمگە قەلبىمدە ھەر دەم، مۇھەببەت ئۇردى تاشتى،
ئۇزۇن ئىزدەندى هارماستىن، داۋاندىن ئاخىرى ئاشتى،
بۈيۈك ئارمانىغا دوستلار، قەدىناس ئەھلى ماسلاشتى،
شۇڭا سانسىزلىغان تالىپ دىلىدا ئىلمى ئورناشتى،
مانا قايغۇ پۈتۈن يۇرتقا تېپىلماس، جەۋرىئىتىم كەتتى.
نەسىبە ئىزدىمەي ئەسلا، زىرائەت يا تىجارەتتىن،
نەزەرنى قايتۇرۇپ قەتئىي غەرەزلىك بەختۇ ـ ئامەتتىن،
دىلىم يىغلايدۇ، ئەي دوستلار، شەرەپ ۋە شەۋكىتىم كەتتى.
زامانلار ھەپسىدە ئۆتتى، گويا باھاردەك ياشلىقى،
قىيىندى ئەمگەك ۋە ئاچلىق ئەسلا يېتىشمەي ئاشلىقى،
پۈكۈلدى قامىتى ـ قەددى، كەتتى يىگىتلىك شادلىقى،
زۇلۇم دەرۋازىسىن ئاچقاچ ئەينى زامانىنىڭ باشلىقى،
يۈرىكى زەربە، گۆش لەختە پىغان ۋە ھەسرىتىم كەتتى.
پەزىلەت بابىدا كامىل تۇرۇپ، ئەسلا كېرىلمەستىن،
زاماندىن شان شەرەپ، كەلسە ئاڭا قىلچە بېرىلمەستىن،
ئىزىدىن قوپمىدى ئەسلا، ئىشى ھەم بېجىرىلمەستىن،

كىچىككە مېھرىبان، چوڭغا تېگىشلىك ھۆرمىتىم كەتتى.
ئۆزگە چوڭ تەلەپ قويغاچ نىشانغا ئالمدى نامنى،
ھاياتى ئىش ـ ئىزى ، جەزمەن كىشىگە ئەسلىتەر شامنى،
يۈرەكى سوقتى ئىرفان دەپ، تېگىدىن چىڭدىدى تامنى،
يېتەكلەشكە كۆڭۈل بۆلدى، ئىلىم يولىدىكى خامنى،
ئوچۇق يۈز بەكمۇ، مېھماندوست، كۆڭۈل سۆھبىتىم كەتتى.
قىيىندۇر بىز ئۈچۈن تاپماق بۇنىڭدەك ئىلمىي رەھبەرنى،
ھاۋا بىرلە ھېسابلاشماس ئىرادە روھى قەيسەرنى،
تاراتقان ئەلگە ھەر دائىم ئىلمىدىن مىشكى ئەنبەرنى،
ئاجايىپ تۆھپىكار بولغان تۇرۇپ تۇرمۇشتا كەمتەرنى،
رىزا ، ھەق يولىدا ھارماس، سەممىي ئۈلپىتىم كەتتى.
ۋاپاتى، بىر تۇيۇق بولغاچ، ئېغىر چۈمدۇق، مۇسىبەتكە،
ئەكەلدى بۇ خەۋەر ماتەم مۇسۇلمانغا شەرىئەتكە،
ھايالسىز، ھەممەتەن بەردۇق يوللۇقا، ھەقىقەتكە،
ئېرىشتۇق ئاخىرى ئورتاق سەبىرگە ۋە نەسىھەتكە،
ئىلمىنىڭ رولچىسى كەتتى، دەلىلىم، ھۆججىتىم كەتتى.



# ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ

مايكېل گرىن، جىبرىيېل شېلىنېن

# ئامېرىكانىڭ ختايدىن چېكىنىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

مايكېل گرېن، جەبرائىل شېلىنمەن

ئامېرىكا پرېزدېنتى جوۋ بايدېننىڭ ئافغانىستاندىكى بارلىق ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، ئامېرىكانىڭ توققۇزنۇشتىكى رولىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنىڭ بىر قانچە ئىستراتېگىيەلىك ۋە سىياسىي ئاساسى بار. ھەددىدىن زىيادە كۆپ خورىتىدىغان توپىلاڭنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىدىن ۋاز كېچىش ئەلۋەتتە مەنتىقىلىق قارار دۇر. شۇنداقلا، ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىنغان (ئافغانىستاندا، ئامېرىكانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە) دۆلەت قۇرۇش خىيالىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر نۆۋەتتىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ چىقىمى ئىنتايىن يۇقىرى دەپ قارايدۇ. بەلكىم ئەڭ مۇھىمى، ئامېرىكا جامائەتچىلىكى بۇ ئۇرۇشتىن زېرىكتى. ئەگەر بايدېن بىلەن سابىق ئامېرىكا پرېزدېنتى دونالد ترامپ بىرلىككە كەلگەن بىر ئىش بار دېيىلسە، ئۇ دەل ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىش قارارىدۇر. ترامپ ھەتتا ئاخبارات ئېلان قىلىپ، بايدېننىڭ مەزكۇر قارارىنى ماختىدى.

ھالبۇكى، ئافغانىستاندىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىش قارارى «بۇنداق قىلىش ئامېرىكانى ختايغا قارىتا ئىستراتېگىيىلىك رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە قىلىدۇ» دەيدىغان تامامەن خاتا نۇقتىئىينەزەرگە تايانغان.

لېكىن، ئەھۋال ئۇنداق بولمايدۇ. دەل ئەكسىچە، بۇ (يەنى ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىش) مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ خاتا نۇقتىئىينەزەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: «ختاينىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇشتا بارلىق ۋاستە ۋە ئۇسۇللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالاش ئۈچۈن، ئافغانىستاندىن چېكىنىش زۆرۈر. بۇ مەنتىقە بويىچە، باشقا جايلار ئافغانىستانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇلۈك، سىستېما، قوشۇن ۋە ئەقلىي كۈچكە موھتاج. شۇڭا ئامېرىكا بارلىق كۈچىنى ختاينىڭ بارغانسېرى ئەدەۋاتقان تەھدىتىگە قارىتىشقا موھتاج بولۇۋاتقان بۇ پەيتتە، ئاساسىي كۈچىنى ئېشىپ كەتسە ئۈچلەمچى مەسىلە ھېسابلىنىدىغان ئافغانىستان مەسىلىسىگە سەرپ قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ دىققىتىنى قايتىدىن بېيجىڭغا مەركەزلەشتۈرۈشى دىققەتنى (باشقا ھېچقانداق مەسىلىگە) چېچىشقا بولمايدىغان دەرىجىدە پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر. ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش

مەيلى ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش بىلەن، ياكى ئەركىن سايلام بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ھۆكۈمەتنىڭ غۇلىشى بىلەن نەتىجىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ نەتىجە ئامېرىكانىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە ئانچە زور تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. كۆچمىزنى بىر يەرگە سەرپ قىلىۋەتسەك، باشقا يەرلەرگە سەرپ قىلىش ئىمكانىيىتىمىز بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق قارار چىقىرىش قىيىن بولسىمۇ، ئەمما بىز چوقۇم شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر».

بۇ خىل تەپەككۇر خاتا. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىكى ئوتتۇراھال مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن تىركىشىشىگە پۇتلىكاشاڭ بولماستىن، ئامېرىكاغا پايدىلىق ئىدى. ئافغانىستاندىن تامامەن چېكىنىپ چىقىش ئامېرىكا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناباب رايون ئىستراتېگىيەسىدۇر.

بىرىنچىدىن، ئافغانىستان ئامېرىكا خىتاي بىلەن ئىستراتېگىيىلىك رىقابەتلىشىۋاتقان كەڭ ئاسىيا شاھمات تاختىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. جۇغراپىيەلىك نۇقتىدىن ئويلىشىپ كۆرۈڭ: ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاننىڭ باگرامدىكى ھاۋا ئارمىيە بازىسى ھىندى - تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىغا قاراشلىق باشقا ھەر قانداق بازىغا قارىغاندا، خىتايغا تېخىمۇ يېقىن. شۇنداقلا، ئافغانىستان ئامېرىكا ئارمىيەسى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدىكى خىتاي بىلەن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق چېگرالىنىدىغان بىردىنبىر دۆلەت.

ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىش بىلەن، ئامېرىكانىڭ مەركىزىي قوماندانلىق شتابىغا ئەڭ يېقىن بازىسى خىتاي بىلەن بولغان ئارىلىقى 1300 مىل كېلىدىغان قاتاردىكى بازا بولۇپ قالىدۇ. بىيجىڭ ترامپ ئافغانىستاندىن چېكىنىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ھامان، خىتاي «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ ئافغانىستانغىمۇ كېڭىيىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئاللىقاچان ئامېرىكانىڭ پىلانلىق چېكىنىشىدىن قالغان بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا باشلىدى. بېيجىڭ ھىندى ئوكياننىڭ باشقا جايلىرىدا، جۈملىدىن كامبودژادىن جىبۇتىغا قەدەر، «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» مەبلىغىنى دەستەك قىلىپ، ھەم ھەربىي، ھەم پۇقراۋى ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ھەربىي ئەسلىھەلەرگە ئىگە بولۇۋالدى. كەلگۈسى بىر نەچچە يىلدا، ئۆمىدسىزلىكتىن خۇدىنى يوقاتقان ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ئامېرىكا قالدۇرغان بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ياردەمگە موھتاج بولغاندا، خىتاي ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باگرامدىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى تامامەن مۇمكىن. چۈنكى، بۇ خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ۋە غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىستراتېگىيىلىك تەسىر كۈچىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. ھالبۇكى، گەرچە نۆۋەتتە بۇ رايوندا ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ غەربىي تىنچ ئوكياندىكى قىلمىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان كۈچلۈك ئىتتىپاقداشلىقى ۋە تارقاق كۈچلىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئافغانىستان يەنىلا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ خىتاينىڭ غەربىگە يېقىن رايوندىكى بىردىنبىر مەۋجۇتلۇق بوشلۇقىدۇر. خۇددى

بېيجىڭ ئامېرىكانىڭ قوشنىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغانىدەك، ۋاشىڭتونمۇ ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ قوشنىلىرىغا بولغان تەسىرىدىن ئوپۇل - توپۇل ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك ئىدى.

ئىككىنچىدىن، ئامېرىكانىڭ چېكىنىشىدىن پەيدا بولغان بوشلۇق ھىندىستانىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان سالىدۇ. ۋەھالەنكى، ھىندىستان ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ تەھدىتىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم يېڭى ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھىدۇر. «تۆت تەرەپلىك بىخەتەرلىك دىئالوگى»نى ھىندى - تىنچ ئوكيانىدىكى ئەنئەنىۋى ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى بىخەتەرلىك خىرىسلىرىنى ھەل قىلىدىغان دۆلەت باشلىقلىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇش بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسى بولدى.

ھىندىستانىنىڭ دېڭىز - ئوكيان ساھەسىدە ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلىشى ۋە بۇ رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان دۆلەت بولۇشى ئېنىقلا ئامېرىكا ئۈچۈن پايدىلىق. ئەگەر ئامېرىكا ئەسكەر چېكىندۈرگەندىن كېيىن ئافغانىستان ھۆكۈمىتى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالىسا، ئۇنداقتا ھۆكۈمەت يېڭى شېرىك ئىزدىگەندە، خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەۋجۇتلۇقى ۋە ھىندىستانىنىڭ شىمالىغا بولغان تەسىر كۈچى زورىيىشى مۇمكىن. ئەگەر ئافغانىستان ھۆكۈمىتى تالىبانىنىڭ قولىدا گۇمران بولسا، ئۇنداقتا پاكىستانىنىڭ ئافغانىستانغا بولغان تەسىرى، شۇنداقلا تالىبانىنىڭ پاكىستانغا بولغان تەسىرى كۈچىيىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ قايسىسى يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ھىندىستان تېخىمۇ كۆپ كۈچ ۋە زېھنىنى ئۆزىنىڭ ئاجىز تەرىپىگە يۆتكەپ، ھىندى ئوكيانىدىن ۋە دېڭىز ساھەسىدىن يىراقلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىشى «تۆت تەرەپلىك بىخەتەرلىك دىيالوگى»نىڭ ئەزاسى بولغان ھىندىستانىنىڭ كۈچىنى زورايتالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭ پۇت - قولىنى چۇشەپ قويىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تالىبانىنىڭ غەلىبىسى ئامېرىكانىڭ ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرى ئارىسىدىكى ئىناۋىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. 2013 - يىلى ئامېرىكانىڭ سۈرىيەدىكى (بەشەر ھۆكۈمىتىنىڭ خىمىيەلىك قوراللارنى ئىشلىتىشىگە ھەرگىز قاراپ تۇرماسلىقتىن ئىبارەت) «قىزىل سىزىقى» دەپسەندە قىلىنغاندا، ياپونىيە ۋە كورېيە ھۆكۈمەتلىرى ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت قوللانماسلىق قارارىغا سەلبىي ئىنكاسلارنى قايتۇرغان ۋە بۇ ئىنكاسلار ئوباما ھۆكۈمىتىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانىدى.

ھازىرغا قەدەر، ئامېرىكانىڭ ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرى ئۇنىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىش قارارىغا قارىتا ئىنچىل سۈكۈت قىلىپ كەلدى. ئەمما، تالىبانىنىڭ غەلىبە قازىنىشى روشەنلىشىپ قالسا، ئامېرىكانىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئوبرازى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئېڭىغا ئورناپ كېتىدۇ - دە، ئۇلار ئامېرىكانىڭ ئۆز رايونىدىكى ئورتاق دېموكراتىك قىممەت قارىشىنى ھىمايە قىلىش ۋەدىسىگە قايتىدىن قاراپ چىقىشقا

ۋە ئۇنىڭدىن پات ـ پاتلا گۇمانسىراشقا باشلايدۇ. دەرۋەقە، ئامېرىكانىڭ ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرى ئامېرىكانىڭ تېخىمۇ كۆپ كۈچىنى ئۆز رايونىغا يۆتكەپ، خىتاي ۋە چاۋشيەن بىلەن تىركىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما سىنگاپورنىڭ سابىق باش مىنىستىرى لى گۇاڭياۋنىڭ (李光耀) ئەسكەرتكىنىدەك، ئۇلار ئامېرىكانىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چېكىنگەنلىكى توغرىسىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا چېكىنگەندىن كېيىن ئافغانىستاندا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئەھۋال شۇكى، ئامېرىكا ئافغانىستاننىڭ ئىشلىرىغا قايتىدىن ــــ ھەتتا ھەربىي جەھەتتە ــــ قول تىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، تالىبانلار ئافغانىستاننى كونترول قىلغاندا ياكى «ئىراق ۋە شام ئىسلام دۆلىتى» ئىراق ۋە سۇرىيەنىڭ قىسمەن رايونلىرىنى كونترول قىلغاندا، بۇ جايلاردىكى جەڭچىلەر ئامېرىكاغىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھىندى ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئاۋستىرالىيە، ھىندونېزىيە قاتارلىق مۇھىم ئىتتىپاقداشلىرىغىمۇ ھۇجۇم قىلغانىدى. ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسىنى ئامېرىكانىڭ ۋە ئۇنىڭ ھىندى ـ تىنچ ئوكياندىكى ئەڭ مۇھىم ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئىراقنى نەزەردە تۇتقاندا، چېكىنىش ئامېرىكا ئۈچۈن بايلىق تېجەپمۇ بېرەلمەيدۇ. ئامېرىكا 2011 ـ يىلى بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئىراقتىن چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن، ئىسلامچى قوراللىق گۇرۇھلار بۈيۈك بىرىتانىيەنىڭكىگە تەڭ كەلگۈدەك زېمىننى بېسىۋېلىپ، ئىراق ھۆكۈمىتىنى تەختتىن غۇلىتىۋېتىشكە تاس قالغان، شۇنداقلا ئىراقنىڭ نېفىتىنى كونترول قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئامېرىكا قايتىدىن ئىراققا قوشۇن كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. شۇڭا تەلتۆكۈس چېكىنىپ چىقىپ، يەنە قايتىپ كەلگەندىن كۆرە، ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى قىسقارتقان ئاساستا، داۋاملىق مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش تېخىمۇ دانالىق ۋە چىقىمى تۆۋەنرەك بولغان بولاتتى. مەزكۇر كرىزىس ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ 2011 ـ يىلىدىكى «ئاسىياغا قايتىش» ئىستراتېگىيەسىگە ئەڭ زور سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن ۋەقەدۇر.

ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىكى مەۋجۇتلۇقى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىغا تەسىر يەتكۈزمىدى. ئافغانىستاندىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى يېقىنقى بىر يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە تالاپەتكە ئۇچرىمىدى ۋە يېقىنقى سەككىز يىلدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 100 گىمۇ يەتمەيدۇ. شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن ئايرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ باقمىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش قارارى ئامېرىكا تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىنىڭ باگرامدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى ۋەھىمىسىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئامېرىكانىڭ ئىچكى سىياسىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر (يەنى ئامېرىكا خەلقى تەننەرخى يۇقىرى، ئۈچ مىڭدىن كۆپرەك ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان بۇ ئۇرۇشتىن بىزار بولغاچقا، ئەسكەر

چېكىندۈرۈش ئارقىلىق خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەم سابىق پرېزدېنت ترامپنىڭ، ھەم ھازىرقى پرېزدېنت جوۋ بايدېننىڭ تاللىشى بولغان، ت).

ھالبۇكى، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بىرلا ۋاقىتتا بىردىن كۆپ مەسلىگە تاقابىل تۇرالىشى كېرەك. ئافغانىستاندا كىچىك كۆلەملىك مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرغان تەقدىردە، ختاي بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان ئامېرىكا ختاي بىلەن قەتئىي تىركىشەلمەسلىكى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://foreignpolicy.com/2021/06/24/afghanistan - withdrawal - biden - trump - /china - india - asia - pivot - us - military - geopolitics - pullout - drawdown



# ئىنسان بەدىنىدىكى قالقان بەزنىڭ فۇنكسىيىسى

# قالقان بەز ئىقتىدارىنىڭ مۇھىملىقى

نۇرغۇنلىرىمىز تۇرمۇشتا «قالقان بەز» دېگەن ئىسىمنى كۆپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كونكرېت قانداق بىر ئەزا ئىكەنلىكىدىن ۋە نېمە رولى بارلىقىدىن بىخەۋەر. بۈگۈن بىز ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، رولى ناھايىتى چوڭ بولغان مەزكۇر بەزنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرىمىز.

قالقان بەز بويۇننىڭ ئاستىغا، يەنى بۇغدىيەكنىڭ تېگىگىلا جايلاشقان، كىچىك، كېپىنەك شەكىللىك بەزدۇر. ئۇ يۈرەك، مېڭە، جىگەر، بۆرەك ۋە تېرە قاتارلىق نۇرغۇن سىستېما ۋە ئەزالارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، قالقان بەزنىڭ قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن چاتاق چىققاندا قانداق ئالامەتلەر كۆرۈلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش تولىمۇ مۇھىم.

## قالقان بەزنىڭ فۇنكسىيەسى

قالقان بەز ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ هورمون ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ساقلايدىغان، شۇنداقلا ئاشۇ هورمونلارنىڭ هۆجەيرىلەرگە كىرەلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى قانغا يوللايدىغان بەزلەردىن تەركىب تاپقان. قالقان بەز سىز ئىستېمال قىلغان يېمەكلىكلەردىكى يودتىن پايدىلىنىپ، ترىئودئىودىروئىن (triiodothyronine) ۋە تىروكسىندىن (thyroxine —— قالقان بەز هورمونىمۇ دېيىلىدۇ، ت) ئىبارەت ئىككى خىل ئاساسلىق هورموننى ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ هورمونلارنىڭ مىقدارىنىڭ هەرۋاقىت بەك يۇقىرى ياكى بەك تۆۋەن بولماسلىقى ئىنتايىن مۇھىم. تۆۋەنكى دۆڭ مېڭە ۋە مېڭە ئاستى بەزلىرى بىرلىكتە بۇ هورمونلارنىڭ نورمال سەۋىيەدە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

قالقان بەزنىڭ ئىقتىدارى بەدىنىڭىزنىڭ ئومۇمىي ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. قالقان بېزىڭىز يېتەرلىك مىقداردا قالقان بەز هورمۇنى ئىشلەپچىقىرىپ، هۆجەيرىلىرىڭىزنىڭ ئۆز فۇنكسىيەسىنى مۇئەييەن سۈرئەتتە جارى قىلدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا مەسئۇل. قالقان بەز هورمۇنى بەدىنىڭىزنىڭ تۆۋەندىكىدەك مۇھىم فۇنكسىيەلىرىنى تەڭشەيدۇ:

نەپەسلىنىش

يۈرەك رىتىمى

مەركىزىي ۋە ئەتراپتىكى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى

بەدەن ئېغىرلىقى

مۇسكۇل كۈچى

هەيز دەۋرى

بەدەن تېمپېراتۇرىسى

خولېستېرىننىڭ مىقدارى

مېتابولىزم

قالقان بەزدە كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەر:

ترىئودئىودىروئىن ۋە تىروكسىن هورمۇنلىرىنىڭ مىقدارى بەك يۇقىرى ياكى بەك تۆۋەن بولۇپ كەتسە، بەدىنىڭىزدە قالقان بەز كۆچىيىپ كېتىش ياكى زەئىپلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

بەدىنىڭىزدە ترىئودئىودىروئىن ۋە تىروكسىن هورمۇنىنىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، قالقان بەز كۆچىيىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. قالقان بەز كۆچىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

تەشۋىش

سەپرالىق ياكى كەيپىيات تۇراقسىزلىقى

ئورۇقلاپ كېتىش

جىددىيلىك

جىم تۇرالماسلىق

كۆپ تەرلەش ياكى ئىسسىققا قارىتا سەزگۈرلىشىپ كېتىش

قول تىترەش

چاچ چۈشۈش

ھەيز ئاز كېلىش ياكى پەقەتلا كەلمەسلىك

بەدىنىڭىزدە ترىئودئىودىروئىن ۋە تىروكسىن هورمۇنىنىڭ مىقدارى بەك ئازلاپ كەتسە، قالقان بەز زەئىپلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. قالقان بەز زەئىپلەشكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئۇيقۇسىزلىق

چارچاش ۋە هارغىنلىق

زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك

سەمرىپ كېتىش

تېرە ۋە چاچنىڭ قۇرغاقلىشىپ كېتىشى

چۈشكۈنلۈك

سوغۇققا قارىتا سەزگۈرلىشىپ كېتىش

پات ـ پاتلا ۋە كۆپ ھەيز كېلىش

بوغۇم ۋە مۇسكۇللار ئاغرىش

ئەگەر سىز قالقان بەز كۆچىيىپ كېتىش ياكى زەئىپلىشىشنىڭ يۇقىرىدىكى ئالامەتلىرىدىن بىرەرسىگە دۇچ كەلگەن بولسىڭىز، ئىمكانقەدەر بالدۇرراق داۋالىنىشقا سەل قارىماڭ. دوختۇر بەدىنىڭىزدىكى قالقان بەز ھورمۇنىنىڭ سەۋىيەسىنى تەكشۈرۈپ، قالقان بەز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ـ بولمىغانلىقىڭىزغا دىياگنوز قويالايدۇ. خۇشاللىنارلىقى شۇكى، قالقان بەز ھورمۇنىنىڭ مىقدارىنى نورماللاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى كۆپ ئۇچرايدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرى دورا يېيىش، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئالاھىدە ھەرىكەتلەرنى ئىشلەش ۋە تولۇقلىما ماددىلارنى ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://mypvhc.com/the_importance_of_thyroid_function



# جېفرىي كېين
# ۋە
# «مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى»

# جېفرېي كەين ۋە «مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى»

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلمىنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە كۆچىيىپ، خەلقئارادا خېلى زور تەسىر قوزغىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەتقىقاتچىلار شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بەزى ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىشقا باشلىدى.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېڭىلىرىدىن بىرى، تەجرىبىلىك ئاخباراتچى جېفرېي كەين (Geoffrey Cain) تەرىپىدىن يېزىلغان «مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى» (The Perfect Police State) دېگەن ئەسەردۇر.

بۈگۈن بىز ئوقۇرمەنلەرنى جېفرېي كەين ۋە ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇماتقا ئىگە قىلىمىز.

«مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى» خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى تىنجىماس شەرقىي تۈركىستانىنىڭ دەسلەپتە ئورۋېلچە قاباھەتلىك ئىجتىمائىي تەجرىبىخانىغا، ئەڭ ئاخىرىدا ساقچى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى سىستېمىلىق ئىزدىنىشنىڭ سەمەرىسىدۇر.

پاكىت ۋە رېئاللىقلاردىن مەھرۇم قىلىنغان، توختاۋسىز نازارەت ئاستىدا، ھەرۋاقىت ئۆزلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان ساقچى قوشۇنى تەرىپىدىن قورشۋېلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئېزىلگەن، تاشلىۋېتىلگەن خەلقتۇر.

بۇ يەردە كۆپىنچە پۇقرالار كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. بۇ يەردە ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىشەنچ سىستېمىلىق ھالدا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. دوستلار بىر-بىرىگە خىيانەت قىلىدۇ، خوجايىن خىزمەتچىنى ھۆكۈمەتكە چاقىدۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى پاش قىلىدۇ، بالا ئاتا-ئانىسىغا يۈزسىزلىك قىلىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزلىرىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان، ھۆرمەتسىزلىك قىلىدىغان ھۆكۈمەتكە باغلىنىپ قالغان. مانا بۇ «مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى»دۇر.

«مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى»ناملىق بۇ كىتاب 2021 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «PublicAffairs» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، جېفرېي كەيننىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ كىتاب ئۇنىڭ 2009-يىلدىن 2017-يىلغىچە قەشقەرگە ئۈچ قېتىم بارغاندا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى، بىۋاسىتە پاراڭلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ بايانلىرى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەھدىتى سەۋەبلىك ئىشپىيونلۇق قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئۇيغۇر يىگىتنىڭ سەرگۈزەشتلىرى

ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور مەزكۇر كىتابنى يېزىش جەريانىدا 168 كىشىنى زىيارەت قىلغان. كىتابتا خىتاينىڭ نازارەت سىستېمىسىنى قۇرۇش پروگراممىسىغا قاتناشقان بىر سابىق ئېلېكترون تېخنىك خىزمەتچىسىنىڭ، ئىلگىرى خىتاي ئۆچۈن جاسۇسلۇق قىلىشقا مەجبۇرلانغان بىر ياشنىڭ ۋە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئاددىي بىر قىزنىڭ ھېكايىسى ئاساسىي لىنىيە قىلىنغان.

## جېفرىي كەين كىم؟

جېفرىي كەين ئامېرىكالىق ئاخباراتچى ۋە يازغۇچى بولۇپ، مەخسۇس ئاسىيا مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كەين ۋاشىڭتوندىكى «جورج ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتى»دا باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. ئاندىن ئۇ ئوقۇشنى لوندوندا داۋاملاشتۇرۇپ، «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى»نى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئۇ ئاخباراتچىلىق ھاياتىنى ئاسىيادا باشلىغان بولۇپ، دەسلەپتە ئاساسەن ۋېيتنام ۋە كامبودژادا ئىشلىگەن. 2008 ـ يىلدىن باشلاپ «ئىقتىسادشۇناس» ژۇرنىلىدا ئىشلەشكە باشلىغان.

كەين 2009 ـ يىلى «دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ يازغۇچىسى سۈپىتىدە كورىيەدە ئولتۇراقلىشىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي كورىيەنىڭ سىياسىتى، سودىسى ۋە كۈلتۈرى توغرىسىدا ماقالىلەرنى يېزىشقا باشلىغان.

ئۇ ئاسىيادىكى سودا گۇرۇھلىرى، بولۇپمۇ كورىيەدىكى مالىيە ماگناتلىرى، جۈملىدىن سامسۇڭ ۋە خيۇندايغا ئوخشاش ئائىلىۋى گۇرۇھلار توغرىسىدا مۇتەخەسسىستۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «ئىقتىسادشۇناس»، «دەۋر» ژۇرنىلى ۋە «ۋال كوچىسى گېزىتى» قاتارلىق دۇنياۋى داڭلىق تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىلۇمبېرگ، CNN، BBC ۋە NPR قاتارلىق مېدىيا ئورگانلىرىنىڭ دائىملىق ئوبزورچىسىدۇر.

بۇ ساھەدىكى خىزمەتلىرى ئۇنىڭ تۇنجى كىتابى «قەد كۆتۈرۈۋاتقان سامسۇڭ»نى (Samsung Rising) يېزىشقا تۈرتكە بولغان. مەزكۇر كىتاب «Currency» نەشرىياتى تەرىپىدىن 2020 ـ يىلى 17 ـ مارت ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ھەرقايسى غوللۇق تاراتقۇلاردا تونۇشتۇرۇلغان.

جېفرىي كەيننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى، شۇنداقلا ئەڭ يېڭى كىتابى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتى باش تېما قىلىنغان «مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى»دۇر.

كەين مەزكۇر كىتاب ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

مەن ئاخىرقى قېتىم 2017-يىلى 12 - ئايدا قەشقەرگە بارغانىدىم. بىلگىنىمىزدەك ئۇ ئەھۋال ئەڭ ئېغىرلاشقان ۋاقىتلار ئىدى. قەشقەردە مېنىڭ كۆرگىنىم ھەممە يەردە ساقچى، ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقتا كامېرا. ئەڭ قورقۇنچلۇق تراگېدىيە بولسا ئاشۇ شارائىتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ روھى ھالىتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە نۇر يوق. ئۇلار يا كۈلمەيدۇ، يا يىغلىمايدۇ. خىتاينىڭ ئۇلارغا قىلىۋاتقىنى ئۇلارغا ئۆز كىملىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي كىملىكىنى خىتاي كومپارتىيەسىنى ‹رازى قىلىش› ۋەزىپىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر ئىدى. مەن كىتابىمدا مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى ۋە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى يورۇتۇشقا تىرىشتىم.

بۇ كىتاب نوقۇل ھالدا سىياسەت، يۇقىرى بېسىملىق باستۇرۇش، ۋەھشىيلىك ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئاشۇنداق قاتتىق نازارەت ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىنىڭ قانداق ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى گەۋدىلەندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى قىلغان.

ئۇ يەردە ناتسىستلار قىلغانغا ئوخشاش توپلاپ ئۆلتۈرۈش، گاز ئۆيىگە سولاپ ئۆلتۈرۈش يۈز بەرمىگىنى بىلەن، پۈتۈن بىر مىللەت ئىچ-ئىچىدىن ۋەيران قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ جېنى ئېلىنمىغان بىلەن، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، كىملىكىنى بىلدۈرىدىغان بارلىق ئەنئەنىلىرى يوقىتىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇيغۇرلارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشىمەن. چۈنكى بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈن كېيىن باشقا ئىنسانلارنىڭ بېشىغىمۇ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىسىدۇر.

كىتابنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە:

كەيىن مەزكۇر كىتابنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىدىغان ئىككى لىنىيەنى بويلاپ يازغان: بىرى، خىتاينىڭ تېخنىكىلىق ھۆكۈمرانلىق پىلانى. يەنە بىرى، خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئىچكى دۈشمەن»لەرنى ئېنىقلاش ۋە تارمار قىلىش ئۇرۇنۇشى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ۋە دىنىي زۇلۇملار، شۇنداقلا ھەممە يەرنى قاپلىغان رەقەملىك كۆزىتىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۇرۇنۇشى «بىخەتەرلىك»كە سەۋدا بولغان، ئەخلاقتىن، ئىنسانىيلىقتىن نېسىۋىسى يوق ئەمەلدارلار تەرىپىدىن تەڭلا ئەۋجىگە چىقىرىلغان ۋە ئادەتتىكى پۇقرالار بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكايىسى مەزكۇر كىتابنىڭ يادروسىدۇر. كەيىننىڭ 168 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاساسلىق زىيارەت ئوبيېكتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكى ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر توپىدۇر.

بىز بۇ كىتابتا خىتاينىڭ كۆزىتىش سىستېمىسى بەرپا قىلىشىغا ياردەم بەرگەن سابىق ئۇچۇر تېخنىكىسى خىزمەتچىسىنى، بىر مەھەل خىتاي ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلغان يىگىتنى، شۇنداقلا ھەممىدىن

بەك كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان باش پېرسوناژنى، يەنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان مايسەم ئىسىملىك كىتابخۇمار قىزنى ئۇچرىتىمىز.

مايسەمنىڭ بۇ كىتابتىكى سەپىرى قايتا تەربىيەلەش سىستېمىسىنى، ئۇنىڭ ختاي ۋە چەتئەلدىكى ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز كىتابتا مايسەم بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقاندا، تۈرمىدىكى ئۇيغۇر ئالىمى ئىلھام توختىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولمىش بۇ ئويچان قىز ئەنقەرەدە ئوقۇۋاتقانىدى. مايسەم ختايغا قايتقاندىن كېيىن، قوپال بىيۇروكرات مۇئامىلىگە دۇچ كېلىپ، تۇيۇقسىزلا جازا لاگېرىغا قامىلىدۇ. شۇنداقلا، لاگېردا قىيىن ـ قىستاقتا، كىشىنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان سوئال ـ سوراقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ختايمۇ باشقا مەككار قىينىغۇچىلارغا ئوخشاش، قىيناش ئوبيېكتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا بەك كۆپ ئىز قالدۇرماستىن، ئۇلارنىڭ رېئاللىقتا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى سۇندۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. مايسەم كىتابتا «قايتا تەربىيەلەش»نىڭ ئۆز پسىخىكىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ھەققىدە، جۈملىدىن ئۆز تۇيغۇلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ختاينىڭ ئوي ـ پىكىر ۋە قىلمىشلىرىغا بولغان تەلپىنى ئىچكىيلەشتۈرۈشكە مەجبۇرلانغانلىقى ھەققىدە توختىلىدۇ.

كىتاب جەمئىي تۆۋەندىكىدەك يىگىرمە بابتىن تەركىب تاپقان:

1. يېڭى ھۆكۈمرانلىق
2. ھەممە يېرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تۈرمە
3. «ئاسمان تورى» (天网) سىنى تېپىۋالدى
4. ختاي قەد كۆتۈرۈۋاتىدۇ
5. چوڭقۇر قاتلاملىق نېرۋا تورى
6. مېنى ماشىنا ئادەم دەپ قالدىڭمۇ؟
7. «بۈيۈك گۈللىنىش»
8. ختاينىڭ «تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇشى»
9. «ئۈچ خىل كۈچ»: تېرورىزم، ئاشقۇنلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىك
10. سان ـ سىفىرغا ئايلانغان ئىنسانلار
11. كىشىلەرنىڭ «ئىشەنچلىكلىكى»گە قانداق نومۇر قويۇلىدۇ؟
12. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان كۆز
13. يىغىۋېلىش لاگېرىغا چاقىرتىلىش
14. كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش
15. چوڭ مېڭە

16. كېڭىيۋاتقان ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كېڭەيتىلىۋاتقان ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى

17. تۈرمە ۋە ئىدىيە

18. يېڭى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشمۇ؟

19. چوڭ ھاڭ

20. سەن ھېچپەردە بىخەتەر ئەمەس

## كىتابتىكى مايسەم ھەققىدىكى ۋەقەلىكلەردىن قىسقىچە ئارىيە

مايسەم بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىپ، تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە ماگىستىرلىق ئوقۇش پۇرستىگە ئېرىشىدۇ.

ئۇ تۈركىيەدە ئىسلامچە ھىجابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ 2014-يىلى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئاشۇ خىل ئىسلامىي كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقنى ئېيتقاندا، ئاتا-ئانىسى بۇنىڭدىن چۆچۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى ئاياللارغا خاس، شۇنداقلا «ياخشى كوممۇنىستىك قىممەت قاراش»قا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوچۇق قىزىل رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشكە ئۈندەيدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭغا ساقچىلارغا كۆرۈنمەسلىكنى دەپ قاراشنى جېكىلەيدۇ.

ئەمما خىتاي كومپارتىيەسىگە بولغان ساداقەتنى ئىپادىلەشتە قىزىل كىيىم يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. مايسەم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن يېزىدىكى يازلىق ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شۇ يەردىكى بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، قوشنىسىنىڭ «مايسەمنىڭ ھويلىسىنىڭ تېمى سۇس كۆك رەڭدە بويالغان» دېگەن شىكايىتىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقنى ئېيتىدۇ.

كۆك رەڭ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ سىمۋولى ئىدى. مايسەمنىڭ ئۆيىدە ئۇيغۇر بايرىقىنىڭ پارچىسمۇ يوق بولسىمۇ، ئەمما دائىرىلەر بۇنىڭغا ئۇنىماستىن، ئۇلارنى ھويلىنى قىزىل رەڭدە بوياشقا بۇيرۇيدۇ.

بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، مايسەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئەنسىز چېكىلىدۇ. ئاپىسى ئىشىكنى ئېچىپ بىر توپ ساقچىنى كۆرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا قىزىنىڭ «كاللىسىدىكى ئىدىيەۋى ۋىرۇسلارنى تازىلاش» ئۈچۈن ئۇنى «قايتا تەربىيەلەش»كە ئېلىپ بارىدىغانلىقنى ئېيتىدۇ.

ئۇ سەككىزىنچى ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى، مايسەم بىر ماشىنا ئارقىلىق «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ مېڭىلغاندا، «بىر ئايدا تۈگەيدۇ» دېيىلگەن بۇ مەجبۇرىي «كۇرس»نىڭ ئۇنىڭ

تۈركىيەگە قايتىپ ماگىسترلىق ئوقۇشىنىڭ ئاخىرقى يىلىنى ئوقۇشلۇق تاماملىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

لېكىن ئارىدىن بىر سائەت ئۆتەر ـ ئۆتمەستىنلا، ئۇ ئۆزى دۇچ كەلگەن خەتەرنىڭ ئويلىغىنىدىن كۆپ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ماشىنا كونا شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى بىر «مەكتەپ»نىڭ ئالدىدا توختايدۇ. ئەمما، بۇ مەكتەپنىڭ ئالدىدا ھەربىي فورمىلىق ئەسكەرلەر قاراۋۇللۇق قىلاتتى. مەكتەپنىڭ ئىچىدە بولسا، قوللىرىدا ئاپتومات ۋە توك كالتىكى كۆتۈرۈۋالغان قارا كىيىملىك ساقچىلار مېڭىپ يۈرەتتى.

مايسەم مەكتەپنىڭ ئىچىگە ئەكىرىلىپلا، قاراۋۇللار تەرىپىدىن باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە تازىلىق قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەمما مايسەم «مەن تازىلىقچى ئەمەس، ئوقۇغۇچى» دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەندە، قاراۋۇللار «بۇ پاسكىنىغا بۇ يەردە كىمنىڭ گېپى ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرستىپ قويايلى» دېگىنىچە، ئۇنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەيدۇ ۋە سېسىق نامى پۇر كەتكەن «يولۋاس ئورۇندۇق»قا بەدەنلىرى تارتىشقان ھالەتتە ئولتۇرغۇزۇپ قىينايدۇ ۋە ئارقىدىن شۇ ھالىتىدە، تېرىسى قىزىرىپ كەتكەنگە قەدەر ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

...

كىتابتا ئۇيغۇر بولمىغان ئوقۇرمەنلەرنى ھاڭ تاڭ قالدۇرىدىغان، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئەسەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتىكى ۋەھشىيانە جىنايەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى


**پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:**

https://www.cfr.org/blog/review-perfect-police-state-geoffrey-cain

https://en.wikipedia.org/wiki/Geoffrey_Cain

https://www.secretchina.com/news/gb/2021/07/11/977754.html

https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/mukemmel-saqchi-doliti-06302021130016.html



# ياقا يۇرتتا ئۆلۈش

مەتمىن ئەلا

# ياقا يۇرتتا ئۆلۈش

دوكتور مەمتىمىن ئەلا

ئۇزاق يىللار ئىلگىرى مەرھۇم كۇرەش كۆسەننىڭ شۋېتسىيەدىكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلدىم. بۇ بىر قەھرىتان قىش كۈنى ئىدى. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قەبرە بېشىغا بارغۇچە، ئىچ ـ ئىچىمدىن مۇزلاپ كەتتىم. قارنىڭ ئاستىدا جىمىدە يېتىپ قالغان ساناقسىز قەبرىلەردىن ئۆتكۈچە، ئۆلۈم بىلەن نەقەدەر يېقىن ياشايدىغانلىقىمىزنى يەنە بىر قېتىم تەن ئالدىم. ھەتتا بۇ دۇنيا كۆزۈمگە چوڭ بىر قەبرىستانلىقتەك، ئۇنىڭدا بىز ھاياتلىقىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، توختىماستىن پالاقشىپ يۈرۈدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. خۇددى ھەممىمىز ئاللىبۇرۇن قېزىلغان قەبرىمىزدىن چىقىپ، يەر يۈزىدە بىر ھازا تىركىشىپ، يەنە قايتىدىن ئۇنىڭغا كىرىپ كېتىدىغاندەك...

ئەتراپىمدىكى قەبرىلەرگە قىزىقسىنىپ نەزەر سالدىم. ھەر بىر قەبرىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىر ئاماللسىزلىق ۋە غېرىپلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بەزى قەبرىلەر ئۇ قەدەر دەبدەبىدىلىك بېزەلگەنكى، ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ بۇ ھەشەمەتلەردىن يەنىلا بەھرىمەن بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغاندەك قىلاتتى. بولۇپمۇ، ئۇلار دەل مۇشۇ غېرىبانىلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق بېزەلگەندەكمۇ قىلاتتى. ئەمما، بۇ بېزەكلەر بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇۋاتقان يالغۇزسىرىشىنى يوشۇرۇش تۈگۈل، ئۇنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق شەكىلدە ئاشكارا قىلاتتى. بۇ ھەيۋەت قەبرىلەردىن چىقىپ تۇرىدىغىنى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىكى ئادەمنىڭ ھايات ۋاقتىدا كىم ئىكەنلىكىدىن كۆرە، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن ئۆلۈمنىڭ قۇدرىتىنىڭ قانداقلىقى ئىدى. ھەر بىر قەبرە ئالەمدىن ئۆتكەن بىر ھاياتلىقنى خاتىرىلەشلا ئەمەس، بەلكى يەنە بۇ ھاياتنىڭ قارشىسىدىكى ئۆلۈمنىڭ خاتىرىلىنىشى ئىدى. ئۇ ئادەمنى قوينىغا يۇتقان يوقلۇقنىڭ نامايىشى ئىدى.

كۇرەش كۆسەننىڭ قەبرىسى ئىچىگىرەك جايلاشقاچقا، ئۇزاق يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا توختىدىم. بۇ ئاددىي ئەمما چىرايلىق بېزەلگەن قەبرە ئىدى. مۇھىمى، ئۇ ۋەتىنىگە قايتالمىغان بىر ئۇيغۇرنىڭ — يەنى كېيىنكى ھاياتىنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىدە دېگۈدەك ۋەتىنىگە تەلپۈنگەن، ئۇنىڭغا قايتىشقا غايىبانە تەييارلىقتا تۇرغان بىر ئۇيغۇرنىڭ قەبرىسى ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ «كۇرەش ئۆلمەيدۇ» دېيەلىگەن ۋە ئىسمى كۇرەش بولغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ ئىزناسى ئىدى.

توساتتىن ئۇنى ئېلىپ كەتكەن ئۇ دۇنيا كۆز ئالدىمدا تاشلىنىپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىندى. خۇددى ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيا ئوتتۇرىسىدا پەرق يوقتەكلا بىلىنىپ كەتتى. بىرىمىز يەر ئۈستىدە، يەنە بىرىمىز يەر

ئاستىدا ئىدۇق. ئارىلىقىمىز بىر مېتىرمۇ كەلمەيتتى. ئۇ قەدەر يېقىن ئىدۇقكى، بىزنى پەقەت نېپىز بىر قەۋەت تۇپراقلا ئايرىپ تۇرۇۋاتقانىدەك ئىدى. بۇ تۇپراق مۇسۇلمانىمۇ، خرىستىيانىمۇ، يەھۇدىيمۇ ئوخشاش تۇپراق ئىدى. بۇ تۇپراق بىز كەلگەن ۋە بىز قايتىدىغان تۇپراق ئىدى.

كۆز ئالدىمدىكى بۇ قەبرىدىكى كۆرەش كۈسىنىنىڭ روھى ھەق دەرگاھىغا يەتكەنىدى. ئەمما مېنىڭ روھىم بولسا بۇ ئېزىتقۇ دۇنيانى ھېلىھەم دەرۋىشلەرچە كېزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆزى ۋەتىنىنىڭ ئاسمىنىدا كۆك بايراقنىڭ لەپىلدىگىنىنى كۆرەلمەي ئارماندا ئوچۇق كەتكەنىدى. مېنىڭ بولسا كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇقلۇق ۋەتىنىمنى كۆرەلمەي ئارماندا ئىدى. ئۇنىڭ ئەمدى نەدە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىشكە ھېچقانداق ئېھتىياج قالمىغانىدى. ئەمما، مەن يېقىنىنىڭياقى تۇرۇپ-تۇرۇپ نەدە ۋە قانداق ئۆلىدىغانلىقىمنى قىياس قىلىدىغان بوپ قېلىۋاتاتتىم.

كۆڭلۈمنى ئەڭ غەش قىلغىنى ئۇنىڭ روھىنىڭلا ئەمەس، بەلكى تېنىنىڭمۇ سەرگەردانلىقى ئىدى. ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان، ئۆزى ياشىغان، ئۆزى كۆرەش قىلغان ۋە جان بەرگەن ئاشۇ تۇپراققا قايتالمىدى. ئۇنىڭدا ياتالمىدى. بۇ ئۇنىڭ دۈشمىنىنىڭ ئۇنى جازالىشى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ تېنىنى ئۇ قايتا قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ۋەتىنىنىڭ تۇپرىقىدىن ئەبەدىي ئايرىۋېتىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەتەن — پەقەت بۇ ۋەتەنلا — ئۇ پەخىر بىلەن يۈرەلەيدىغان ۋە خاتىرجەم ئۆلەلەيدىغان تۇپراق ئىدى.

ياكى ئۇ قارىماققا بىر قىسمەت ئىدى — بەندىچىلىكنىڭ قىسمىتى ئىدى. بۇ نەدە تۇغۇلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدىغان بەندىنىڭ نەدە ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمەسلىكى ئىدى. شۇندىمۇ، ئۇ بۇنى بىلەلىسۇن-بىلەلمىسۇن، ئۇنىڭ تېنى ھەرقانداق تۇپراققا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاپىرىدە بولغان ئاشۇ تۇپراققا — تەكلىماكاننىڭ چوغىدەك تەپتىدىن تېۋىنغا كېلىپ، يېلىنجاپ تۇرىدىغان ئاشۇ تۇپراققا — قايتىشنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك تارتىشاتتى.

ئۇيغۇر ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى مۇساپىرلىق ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. قورقۇنچلۇقى، ياقا يۇرتلاردا جەسەدى قېلىشتۇر. بۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى مۇساپىرلىقتۇر — ئۆلگەندىن كېيىن ياقا يۇرتلاردا قالىدىغان تەنىنىڭ مەڭگۈلۈك سەرسانلىقىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىنىڭ تېگىدە جەسەت ياقا يۇرتلاردا قالسا، روھ نام-نىشانسىزلىشىدۇ، دەيدىغان ئەنسىرەش بار. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراقداشلىرىنىڭ ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنكى روھىي پەرۋىشىدىن مەھرۇم قېلىشتۇر. بۇ مەھرۇم قېلىش شۇنىڭ ئۈچۈن قورقۇنچلۇقكى، ئۇنىڭدا ئۆلگەن تەن تۇپراقداشلارنىڭ روھىي پەرۋىشىدە بولمىسا، چىدىغۇسىز بىگانىلىققا دۇچار بولىدۇ.

يەنە بىر مەنىدىن، ۋەتەن ئۇلار تۇغۇلىدىغانلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆلىدىغان دائىرىدۇر. بۇ دائىرىدىن ھەر ۋاقىت چىقىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ياكى ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىش دائىرىسىزلىكنى —

مەنسۇبىيەتسىزلىكنى — بىلدۈرىدۇ. ئۇ يوقلاشسىزلىقنى بىلدۈرىدۇ — ھېچكىمنىڭ ئۆزىنى يوقلىماسلىقىدىن كېلىپ چىققىدىغان مەڭگۈلۈك تاشلىۋېتىلىش — ئۇنتۇلۇش — قورقۇنچىدۇر.


بۇنى مەن بۇنىڭدىن توققۇز يىل مۇقەددەم پالاۋدا گۇئانتانامودىن قويۇپ بېرىلگەن ئالتە ئۇيغۇر قېرىندىشىمىز بىلەن ئالتە ئاي بىللە بىللە ئىشلەش جەريانىدا، مۇنداق بىر ئىشقا شاھىد بولۇش سەۋەبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. بىر كۈنى پالاۋنىڭ پايتەختى كوروردا بۇ ئالتە قېرىندىشىمىز بىلەن پالاۋ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ ئۆتتى. ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ مەقسىتى بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقماقچى ئىدى. پالاۋ ھۆكۈمىتىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە پېشقەدەم بىر سېناتور ئالتە ئۇيغۇردىن گەپ ئارىلىقىدا مۇنداق بىر سوئالنى سوراپ قالدى:

— ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەڭلار، جەسىدىڭلارنىڭ پالاۋدا دەپنە قىلىنىشىنى خالامسىلەر؟

مەن بۇ سوئالنى ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ئەمما، ئۇلار دەماللىقتا مەڭدەپ قالدى. مەن ئۇلارنى چۈشەنمەيۋاتقان چېغى دەپ، ئۇنى ئۇيغۇر تىلىغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تەرجىمە قىلماي، ئازراق ئىزاھلاپراق قايتا تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ئۇلار بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، خۇددى ئىلگىرى مەھلىيەتلىشىۋالغاندەك ئورتاق ئاۋازدا:

— ياق، جەسىتىمىزنىڭ بۇنداق ياقا يۇرتتا قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمىز،— دېدى. ئۇلار جاۋاب بېرىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ كۆزىدىكى قەتئىيلىككە ئارىلىشىپ كەتكەن تىرەن ۋەھىمىنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇلار ئۈچۈن تىنچ ئوكياندىكى ئەڭ كىچىك ئارال دۆلەتلىرىدىن بىرى بولغان پالاۋدا ئۆلۈشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا دەپىن قىلىنىشمۇ ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق يوقلۇقتا يۈزلىنىشنى خالايتتىكى، ياقا يۇتلاردىكى ناتونۇش يوقلۇقلاردا نام ـ نىشانسىز قېلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

دېمەك، ئۆلۈمنىڭ ئۇ قەدەر پەرەز قىلغۇسىز بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئۆلۈشنى خالايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆلۈمنى دائىرىلىمەكچى بولىدۇ. ئۆز دائىرىسىدە ئۆلۈشنى تاللاش ئۆلۈمدىن كېيىنكى يوقلۇقنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشىدۇر — ئۇ ئادەمنىڭ چەكسىز يالغۇزسىرىماسلىقى ئۈچۈن، تۇپراقداشلىرىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ تۇرۇشىنى كۈتۈشىدۇر، گەرچە بۇ يوقلاپ تۇرۇشلار ئۇنىڭ روھىغا ئاداققى نۇقتىدا ھېچقانداق تەسەللىي بېرەلمىسىمۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلگەندە ئۆزى چۆككەن يوقلۇقنى باشقىلارنىڭ بارلىقى ئارقىلىق ئىنكار قىلىشقا تىرىشىشتۇر. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈمنىڭ مۇتلەق ناتونۇشلۇقىنى تۇغۇلغان جاينىڭ ئۇنتۇلغۇسىز تونۇشلۇقى ئارقىلىق ئاجىزلىتىش تىرىشىشىدۇر. ئاخىرىدا، بۇ بىر ۋەتەنسىزنىڭ جەسىتىنىڭمۇ ۋەتەنسىز قېلىشىدىن ۋەھىمىگە چۈشىشىدۇر. بۇ ۋەتەنسىزلىكنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تۈگىمەيدىغان دەھشىتىدۇر.



# ئىنتېل، ئامېرىكا ۋە ئۆزەك ئۇرۇشى

# ئىنتېل، ئامېرىكا ۋە ئۆزەك ئۇرۇشى

نۆۋەتتە، ئۆزەك ساناائىتى ئىقتىساد، مالىيە ۋە گېئوپولىتىكا جەھەتلەردىكى ئەڭ قىزىق نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ بىرىدۇر.

يېڭى تىپتىكى 5G ئايفوندىن بەشىنچى ئەۋلاد 35 ـ F كۆرەشچى ئايروپىلانىغىچە، ئاپتوماتىك ھەيدەش ئىقتىدارىغا ئىگە ماشىنىلاردىن تارتىپ غايەت زور سىغىملىق تور ساقلىغۇچلىرىغىچە، ھەممە نەرسە ئۆزەك ساھەسىگە باغلىنىپ قالدى. ئەمەلىيەت شۇكى، بۇ بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ۋە 2020 ـ يىلى دۇنيا مىقياسىدىكى سودا ھەجمى 439 مىليارد دوللاردىن ئاشقان بىر بازاردۇر.

نۆۋەتتە، خەۋەرلىشىش ساناائىتى مەزكۇر بازاردا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما كەلگۈسىدە كۆندىلىك بۇيۇملار ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ بۇ بازاردا ئىگىلەيدىغان سالمىقى بارغانسېرى ئاشىدۇ. مەسىلەن، بارغانسېرى كۆپلىگەن ماشىنىلارغا ئۆزەك سەپلىنىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇزۇن ئۆتمەي كۆندىلىك بۇيۇملارغا، ھەتتا ئايىغىمىز ياكى كۆزەينەكىمىزگىمۇ ئۆزەك سەپلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

تۇرمۇشىمىزدا ئاللىقاچان ئومۇملاشقان ئۆزەكلىك مەھسۇلاتلاردىن ئەقلىي ئىقتىدارلىق سائەت، ئەڭ يېڭى تىپلىق تىڭشىغۇچ، ھەتتا تارازىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە مۇداپىئەسى قاتارلىق باشقا سەزگۈر ساھەلەرنىڭ ئۆزەكلەرگە قايسى دەرىجىدە باغلىنىپ قالغانلىقىنى تەكىتلەپ يۈرۈشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. بۇ خىل ئەھۋالدا، كىم ئەڭ ئىلغار تېخنىكىغا ئېرىشسە، شۇ ئەڭ زامانىۋى ھەربىي ئۈسكۈنىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئىلگىرىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆز ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقارمايدۇ. ھازىر بۇ ساھەدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئوخشىمىغان تىپتىكى شىركەت مەۋجۇت:

بىرىنچى خىل شىركەتلەر ئۆز ئۆزەكلىرىنى لايىھەلەپ ئاندىن ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈنلەي ھۆددىگە بېرىدۇ. بۇ خىل شىركەتلەر ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. نىۋىدىيا (Nvidia)، كۇۋالكوم (Qualcomm)، ھەتتا ئالما ياكى ئامازون قاتارلىق شىركەتلەر مۇشۇ تۈرگە تەۋە.

ئىككىنچى خىل شىركەتلەر بولسا ئۆزىنىڭ ئۆزىكىنى ئۆزى لايىھەلەيدۇ ۋە ئۆزى ئىشلەپچىقىرىدۇ. مەسىلەن، ئىنتېل ياكى سامسۇڭ شىركەتلىرىدەك.

ئاخىرىدا يەنە «ۋاكالەتچى زاۋۇت» دەپ ئاتىلىدىغان شىركەتلەرمۇ بار. بۇ شىركەتلەر مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ (ئۆزەك لايىھەلەش ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ). مەسىلەن، ئالما شىركىتى ئۆزىنىڭ ئۆزەكلىرىنى، يەنى iPhone نىڭ ياكى يېڭى تىپتىكى Mac كومپيۇتېرلارنىڭ بىر تەرەپ قىلغۇچلىرىنى لايىھەلەپ چىققاندا، ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىشنى مۇشۇ تىپتىكى ۋاكالەتچى زاۋۇتلارنىڭ بىرىگە ھاۋالە قىلىدۇ. مانا بۇ (يەنى

ۋاكالىتەن ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىش) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەۋجىگە چىقىپ، دۇنيا تېخنىكا سانائىتىنىڭ ئەڭ قايناق ساھەسىگە ئايلاندى. (ۋاكالىتەن ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىدىغان) بۇ شىركەتلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن توختاۋسىز ئىشلەيدىغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئەڭ كىچىك ۋە ئەڭ ئىلغار ئۆزەكلەرگە ئىگە بولۇش جېڭى تولىمۇ كەسكىن. «TrendForce» ۋە «ReportLinker» قاتارلىق بازار ئەھۋالى شىركەتلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا كۆرە، 2020 ـ يىلى ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىشتىن قىلىنغان كىرىم 70 مىليارد دوللار بولۇپ، كەلگۈسى ئون يىلدا مەزكۇر سودا سوممىسىنىڭ يىلىغا ئون پىرسەنت ئەتراپىدا ئېشىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

سانلىق مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ ساھەدە بازار ئۈلۈشىنىڭ 77 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەيۋەن بىلەن كورىيە ئىگىلەيدۇ. شۇنى ئۇنۇتماڭكى، كاپىتالغا بولغان ئېھتىياجى ۋە تەننەرخى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى، ئىلغار تېخنىكىغا ئىگە مەزكۇر ساھە ئاللىقاچان دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋە گېئوپولىتىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

ئىلغار ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىلمىسا، نانو تېخنىكىسى، ماشىنا ئادەم، ئاپتوماتىك ھەيدەش ئىقتىدارىغا ئىگە ماشىنا ياكى 5G قاتارلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ساھەدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تەيۋەن بىلەن كورىيەنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىق غايەت زور بۇرۇلۇش، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولغان ئامېرىكاغا چېلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدۇر.

تارىختىن بۇيان، ئامېرىكا ئىزچىل يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق دۆلەت ئىدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۆزەك ئامېرىكا سانائىتىنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ئەمما، ھازىرقى ئەھۋال تامامەن پەرقلىق. گەرچە ئۆزەك لايىھەلەيدىغان چوڭ شىركەتلەر يەنىلا ئامېرىكانىڭ بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆزەكلەر باشقىلارنىڭ قولىدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ھەتتا ئامېرىكادا، سودا ساھەسىدىكى جۇلالىق چولپانلاردىن بىرى، بىل كىلىنتوندىن بۇيانقى ھەر بىر ئامېرىكا پرېزىدېنتى تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنغان ۋە ماختالغان (شۇنداقلا، دۇنيا ئۆزەك ساھەسىنىڭ ماگناتلىرىدىن بىرى بولغان) ئىنتېل شىركىتى بار بولسىمۇ، 1990 ـ يىلى مەزكۇر ساھەدە قىرىق پىرسەنت بازار ئۈلۈشىگە ئىگە ئامېرىكانىڭ بۈگۈنكى بازار ئۈلۈشى ئارانلا ئون پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى.

ھازىر، ئامېرىكا شىركەتلىرى ياساش تېخنىكىسى جەھەتتىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرالمايدۇ. ئالما، نىۋىدىيا، ئامازون، گۇگۇل قاتارلىق تېخنىكا شىركەتلىرى ياكى لوكخىد مارتىن، Northrop Grumman، General Dynamics غا ئوخشاش ھەربىي سانائەت ماگناتلىرى ئۆزلىرىنىڭ تېخنىكا سىستېمىسىغا سەپلەش ئۈچۈن ئەڭ ئىلغار ئۆزەكلەرگە ئېرىشمەكچى بولسا، ئۇلارنى نەچچە مىڭ مىل يىراقلىقتىن (يەنى ئاسىيادىن) ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

«ئامېرىكانىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تەمىنلەش زەنجىرىنى كۈچەيتىپ، ئۆزەك تېخنىكىسىدا ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈشى ئۈچۈن، ۋاشىنگتوندىكى رەھبەرلەر يىللىق مۇداپىئە خامچوت لايىھەسىدە تەلەپ قىلىنغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىشنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تەتقىقات تۈرىنى تولۇق مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشى كېرەك» دەيدۇ «ئامېرىكا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ سانائىتى بىرلەشمىسى» نىڭ رەئىسى ۋە باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى جون نېففېر (John Neuffer). ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت مەجلىسىمۇ نۆۋەتتە مۇشۇ ئىشقا كۈچەۋاتىدۇ.

ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا، بۇ مەسىلە بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا باشلىدى. مەسىلەن، ترامپ ھۆكۈمىتى ئاساسلىق ۋاكالەتچى زاۋۇتلار بىلەن ئامېرىكادا زاۋۇت قۇرۇش توغرىسىدا كېڭەشتى ھەمدە «جوڭشىن خەلقئارا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتى» (SMIC) ۋە خۋاۋېي قاتارلىق خىتاي تېخنىكا شىركەتلىرىنى. قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى، ئۇلارنىڭ ئامېرىكانىڭ لايىھەلىرىنى. ئىشلىتىشىنى. چەكلىدى، شۇنداقلا «تەيۋەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى» (TSMC) قاتارلىق زاۋۇتلارنىڭ ئۆزەكلىرىنى بۇ شىركەتلەرگە سېتىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

نۆۋەتتە، جوۋ بايدېننىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يول تۇتماقتا. ئۇ 2021 - يىلى 2 - ئايدا يەرلىك شىركەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى قوللاش خۇسۇسىدا مەمۇرىي بۇيرۇق ئىمزالىدى. شۇنداقلا، نۆۋەتتە مەزكۇر ساھەنى قوللاش جەھەتتىكى يۈرۈشلۈك سىياسەتلەر توغرىسىدا كېڭەشلىشىۋاتىدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكانىڭ كەلگۈسىدىكى تېخنىكا، ھەربىي، ھەتتا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش - قالالماسلىقى، شۇنداقلا خىتاي بىلەن بولغان سودا - تېخنىكا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قايسىسىنىڭ خەلقئارا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ساھەسىنى تىزگىنلىيەلىشىگە باغلىق.

نۆۋەتتە، بۇ جەھەتتە ھەممىنىڭ كۆزى ئىنتېل شىركىتىدە.

ئىنتېل شىركىتى شىمالىي ئامېرىكادىكى ئەڭ ئىلغار ئۆزەك ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەزكۇر ساھە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلانماقتا. ئىنتېل شىركىتىنىڭ ئۆزەكلىرى مىكروسوفتنىڭ Windows مەشغۇلات سىستېمىسى بىلەن بىرلىكتە، رەقەملىك دۇنيادا نەچچە ئون يىل ھۆكۈم سۈرگەنىدى. لېكىن، يېقىنقى بىر قانچە يىلدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىنتېلنىڭ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان بىر شىركەت ئىكەنلىكى ئېنىق. يېقىنقى بەش يىلدا ئۇنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى يەتتە پىرسەنت بولسا، ئومۇمىي تىجارەت كىرىم نىسبىتى ئوتتۇز پىرسەنتتىن يۇقىرى بولدى. ئۇنىڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى قاتارلىق گۈللىنىۋاتقان ساھەلەردىكى كىرىمى داۋاملىق ئىككى خانىلىق سۈرئەت بىلەن ئاشتى، ئاتالمىش «ئەشيا تورى» (internet of things) ۋە 5G تورى ساھەلىرىمۇ شىركەت ئۈچۈن زور تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، يېقىنقى ئالتە يىلدا بۇ شىركەتنىڭ ئەركىن نەق پۇل ئېقىمىنىڭ سېتىش سوممىسىدىن ئېشىش نىسبىتىنى يىگىرمە پىرسەنتتىن ئاشۇرالىغانلىقىنى نەزەردە تۇتساق، ئىنتېل شىركىتى كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىپ، شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندەك ھېس قىلىشىمىز ئېنىق. تەخمىنەن 260 مىليارد دوللار بازار قىممىتىگە ئىگە مەزكۇر ئامېرىكا تېخنىكا ماگناتى نوقۇل 2020 - يىلىلا، 20 مىلياردتىن ئارتۇق ئەركىن نەق پۇل ئوبوروتىغا ئېرىشتى. بۇ نەزەرىيە جەھەتتىن ناچار نىسبەت ئەمەس.

ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەنلا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەڭ. چۈنكى يېقىنقى تۆت يىلدىكى بۇ خىل ئۇتۇقلارغا قارىماستىن، مەزكۇر شىركەتنىڭ ئىشلىرى ئىككى يىلدا ئىككى نەپەر باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ئىشتىن بوشىتىلمىسا بولمىغۇدەك دەرىجىدە مۇرەككەپلىشىپ كەتتى ۋە بۇ شىركەتنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى نۇرغۇن گۇمانلارغا سەۋەب بولدى.

مەسىلە شۇكى، 2018 ـ يىلىغا كەلگەندە، «تەيۋەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى» (TSMC) ۋە سامسۇڭ شىركىتى قاتارلىق ئاسىيا ماگناتلىرى ئىنتېل شىركىتىگە يېتىشىۋالدى. ئۇلار ئىنتېلنىڭكىدەك كىچىك ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولۇپلا قالماي، يەنە يېقىن كەلگۈسىدە ئۆزەكنىڭ ھەجىمىنى تېخىمۇ كىچىكلىتىش توغرىسىدا ئۇلۇغۋار پىلانلارنى، يەنى 2018 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە زور تۈركۈمدە ئون نانومېتىرلىق ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىشنى، 2021 ـ يىلى بەش نانومېتىرلىق، 2023 ـ يىلى ئۈچ نانومېتىرلىق ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىنتېلنىڭمۇ ئۆز پىلانىنى ئالدىغا سۈرۈشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى ۋە تەبىئىي ھالدا ئىنتېل شىركىتىگە زور بېسىم ئېلىپ كېلەتتى.

ئەنە شۇ سەۋەبلىك مەسىلىلەر، يەنە كېلىپ ھەقىقىي ئېغىر مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.

2019 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئىنتېل ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىكى ئېغىر مەسىلىلەرنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، بۇ مەسىلىلەر ئىنتېلنىڭ ئون نانومېتىرلىق ئۆزەكلەرنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشنى كېچىكتۈرۈۋېتەتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى باش ئىنژېنېر مۇرسى رېندۇچىنتالا (Murthy Renduchintala) ئىنتېلنىڭ ئۆز خاتالىقىدىن ساۋاق ئالغانلىقىنى، ئون نانومېتىرلىق ئۆزەكنىڭ تەتقىق قىلىنىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا يېڭى تىپتىكى يەتتە نانومېتىرلىق ئۆزەكلەرنىڭ 2021 ـ يىلى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى ئاشكار ئېلان قىلدى.

لېكىن، مەسىلە ۋە كېچىكىش بۇنىڭلىق بىلەنمۇ تۈگىمىدى.

2020 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئىنتېل شىركىتىنىڭ شۇ چاغدىكى باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى بوب سۋان (Bob Swan) 2021 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىلگەن يەتتە نانومېتىرلىق ئۆزەكنىڭ كەم دېگەندە 2023 ـ يىلىغىچە كېچىكىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئىنتېل ئەڭ ئىلغار ئۆزەكلىرىنى سىرتقا ھۆددىگە بېرىشنى ئويلىشىشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى مەزكۇر ئۆزەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر مەلۇم ئىشلاردىن چاتاق چىققانلىقىنى، يەنە كېلىپ چاتاقنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى ھېس قىلىشتى.

بازارمۇ مەزكۇر مەسىلىلەرگە ناھايىتى تېزلا ئىنكاس قايتۇردى. ئىنتېل شىركىتى كېيىنكى ئەۋلاد مىكرو ئۆزەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى كېچىكتۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مەزكۇر شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەۋزەللىكىنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈش ئىقتىدارىغا بولغان گۇمان سەۋەبلىك، شىركەت پايچېكىنىڭ قىممىتى 17 پىرسەنت تۆۋەنلىدى.

مۇشۇ خىل ئامىللار سەۋەبلىك، ئالما شىركىتى، مىكروسوفت شىركىتى قاتارلىق ئىنتېلنىڭ بىر قىسىم ئاساسلىق خېرىدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆزەكلىرىنى لايىھەلەشكە ۋە ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاسىيادىكى ۋاكالەتچى زاۋۇتلارغا ھۆددىگە بېرىشكە باشلىدى. 2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئالما شىركىتى ئىنتېل ئۆزەكلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزى لايىھەلىگەن ئۆزەكلەرنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ھالبۇكى، ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كاللىسىدا مۇنداق بىر سوئال شەكىللىنىشى مۇمكىن: ئۆزەكنىڭ بارغانسېرى كىچىك بولۇشى نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم؟

جاۋاب شۇكى، ئۆزەك قانچە كىچىك بولسا، ئىقتىدارى شۇنچە يۇقىرى، توك سەرپىياتىمۇ شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ ۋە شۇ سەۋەبلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلار (كومپيۇتېر، يانفون ۋەھاكازا) ئۈسكۈنىلەرگە تېخىمۇ كۆپ زاپچاسلارنى

قاچىلىيالايدۇ. مەسىلەن، «تەيۋەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى»نىڭ بەش نانومېتىرلىق ئۆزىكى، مەركىزى بىر تەرەپ قىلغۇچ (CPU)، سۈرەت بىر تەرەپ قىلغۇچ (GPU)، ئالدى ساقلىغۇچ (cache)، ماشىنا ئۆگىنىشى يادروسى (machine learning ـــ ماشىنا ئۆگىنىشى: كومپيۇتېرنىڭ ئىنسانلارنىڭ پروگراما كۆرسەتمىسى بېرىشىگە موھتاج بولماستىن، يېڭى سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشىنى كۆرسىتىدۇ، ت)، تېزلەتكۈچ، شۇنداقلا ئاۋاز، سىن، رەسىم ياكى شىفىرلىق بىخەتەرلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زاپچاسلارنىڭ ھەممىسنى ئىنتېلنىڭ 14 نانومېتىرلىق ئۆزىكى ئىگىلىگەنچىلىك بوشلۇققا سىغدۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئىنتېلنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم باش ئىجرائىيە ئەمەلدارىنى ئىشتىن بوشىتىشىغا سەۋەب بولدى. 2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئىنژېنېر پەت گېلسىنگېر (Pat Gelsinger) ئىنتېل شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەندى. گېلسىنگېر يېڭى ئىستراتېگىيەسىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەندى. 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئۇ مەزكۇر يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى ئېلان قىلدى.

شۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئىنتېلنىڭ ۋەزىيەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن كەسكىن تەدبىرلەرنى ئېلان قىلىشى مۇمكىنلىكى پەرەز قىلىنغان بولۇپ، بەزىلەر «ئىنتېل ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىشنى، ھېچ بولمىغاندا ئەڭ ئىلغار ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىدۇ» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر «ئىنتېل شىركىتى ئىككىگە پارچىلىنىشى مۇمكىن» دەپمۇ ئۆلچىگەندى.

لېكىن، بۇ پەرەزلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئىنتېلنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيەسىگە يېقىنمۇ كەلمىگەندى.

ئىنتېل ئاسىيادىكى ۋاكالەتچى زاۋۇتلار بىلەن روبىرو رىقابەتلىشىش ئۈچۈن، «ئىنتېل ۋاكالەتچى زاۋۇتلىرى مۇلازىمىتى»دىن ئىبارەت يېڭى تىجارەت تۈرى ئاچقانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ يېڭى تۈردە، ئىنتېل شىركىتى مىكروسوفت ياكى ئامازون قاتارلىق ئۈچىنچى تەرەپ شىركەتلىرى لايىھەلىگەن ئۆزەكلەرنى ئىشلەپچىقىراتتى. ئىنتېل بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئارىزونا شتاتىدا ئىككى يېڭى زامانىۋى زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن 20 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق مەبلەغ سالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى يەنە ئىنتېل شىركىتىنىڭ ماشىنىسازلىق ساھەسىگە ئوخشاش نىسبەتەن تۆۋەن تېخنىكىلىق ئۆزەك بازىرىنى قوغلىشىشقا باشلايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەڭ ئىلغار ئۆزەكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى (ۋاكالەتچى زاۋۇتلارغا) ھۆددىگە بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئىنتېل شىركىتى بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن «تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش» (unbundling) ئۇسۇلىنى قوللىناتتى، بۇ ئۇسۇلدا ئوخشىمىغان جاي ياكى شىركەتلەردىكى پەرقلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئارقىلىق ئوخشاش بىر ئۆزەكنى ياساپ چىققىلى بولاتتى. ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، مەزكۇر ئىستراتېگىيەمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ۋە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئەندىشىسى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان پەيتتە، ئۆزەكلەرگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ زور دەرىجىدە ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. ئىنتېل شىركىتىنىڭ مەزكۇر ئىستراتېگىيەسىنى ياقىلىغۇچىلار «بۇ خىل يۈزلىنىش ئىنتېلنى زور تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن» دېيىشمەكتە. بۇنىڭدىن سىرت، ئۆزەك ياسىمىچىلىقىغا پەۋقۇلئاددە كۆپ مەبلەغ كېتىدىغان بولغاچقا، زاۋۇتلار پايدا ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلىمىسە بولمايدۇ. شۇڭا، باشقا شىركەتلەر لايىھەلىگەن ئۆزەكلەرنى

ئىشلەپچىقىرىش ئىنتېل شىركىتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئىنتېلنىڭ (ئاسىيادىكى رىقابەتچىلىرىگە) يېتىشىۋېلىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ.

لېكىن، (مەزكۇر ئىستراتېگىيەنى) تەنقىدلىگۈچىلەر مەسىلىنىڭ بۇنداق ئاسان ھەل بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار ئىنتېل ئۆزى مەغلۇپ بولغان جەھەتكە بەھۇدە كۈچ سەرپ قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئىنتېل شىركىتىنىڭ زاۋۇتلىرى ئەڭ بالدۇر بولغاندا 2023 ـ يىلى ئاندىن يەتتە نانومېتىرلىق ئۆزەك ئىشلەپچىقىرالايدۇ. ئەمما، «تەيۋەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى»نى مىسالغا ئالساق، ئۇلار تېخى يېقىندىلا كەلگۈسى ئۈچ يىلدا بۇ جەھەتكە يەنە 100 مىليارد دوللار مەبلەغ سالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ۋاقتى كەلگەندە (يەنى 2023 ـ يىلى ئىنتېل شىركىتى يەتتە نانومېتىرلىق ئۆزەك ئىشلەپچىقارغاندا)، ئۇلار ئاللىقاچان تېخىمۇ كىچىك، يەنى بەش ياكى ئۈچ نانومېتىرلىق ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىۋاتقان بولىدۇ. شۇڭا، تەنقىدچىلەر «(خەلقئارالىق شىركەتلەر دېگەندەك) چوڭ خېرىدارلارنىڭ ئىنتېلغا قايتىپ كېلىشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، بۇلتۇر يۈز بەرگەندەك كېچىكىش ئەھۋاللىرى زىنھار تەكرارلانماسلىقى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، نۇرغۇن شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆزەك لايىھەسىنى، ئىنتېلغا ئوخشاش ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىدىغان رەقىبى بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالىماسلىقى مۇمكىن» دېيىشتى.

ئۇلار يەنە «ئىنتېل شىركىتى <نىسبەتەن تۆۋەن تېخنىكىلىق ئۆزەك بازىرىغا يۈرۈش قىلىش>تىن ئىبارەت يەنە بىر ئۇرۇنۇشىدىنمۇ ئانچە كۆپ پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ساھەدە رىقابەت تېخىمۇ كەسكىن، پايدا تېخىمۇ ئاز. شۇڭا ئىنتېل شىركىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خېرىدار تاپالىغان تەقدىردىمۇ، ئالىدىغان پايدىسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن» دېيىشمەكتە.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇلار ئىنتېل شىركىتىنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساسلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىدۇر. مەزكۇر شىركەت ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىدىن پايدىلىنىپ، شۇنداقلا كۆلىمى بارغانسېرى زورىيىۋاتقان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ بازىرىدىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئېلىش ئارقىلىق قايتىدىن قەد كۆتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر نۇقتا ئېنىقكى، ئىنتېل يەنىلا ئامېرىكانىڭ ئۆزەك ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ كوزىرىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.youtube.com/watch?v=E7t0qts4L6s




# خىتاي ئىقتىسادىنىڭ پات يېقىندا گۇمران بولىدىغانلىقىنىڭ ئون ئالامىتى

# خىتاي ئىقتىسادىنىڭ پات يېقىندا گۇمران بولىدىغانلىقىنىڭ ئون ئالامىتى

مەن كۆپ يىللاردىن بۇيان «بۇ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئىقتىسادىي بوھران خىتايدا پارتلايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنىدىم.

دېگىنىمدەك، ھازىر خىتاي ئىقتىسادىدىكى يېرىقلار كېڭىيىۋاتىدۇ، ئەڭ ناچار ئەھۋالغا تەييارلىق قىلىدىغان پەيت كەلدى.

خىتاينىڭ ھاماقەت ئىقتىسادشۇناسلار تەرىپىدىن «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى ئەندىزىسى» دەپ تەرىپلەنگەن، دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى ئۆزگىچە كاپىتالىزم ئەندىزىسى بار. ئەمما مەنچە، خىتاينىڭ ئەندىزىسى ۋە ئىقتىسادى تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولىدۇ ۋە ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدىكى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئەركىن بازار ئىگىلىكىدەك ئۈنۈمدار ئەمەسلىكى تولۇق ئىسپاتلىنىدۇ.

خىتاي ھەممە نەرسىنى، جۈملىدىن تۇرالغۇ، ئىشخانا، سودا ـ ساراي، ئۇل ئەسلىھە قاتارلىقلارنى چەكتىن ئاشۇرۇپ بىنا قىلدى ۋە ئۇنىڭ چەكتىن ئاشۇرۇپ بىنا قىلىش كۆلىمى پىلانلىق ئىگىلىكتىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان باشقا ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئالدىنقى قېتىملىق ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدىكى ھەددىدىن زىيادە مەبلەغ سېلىش دولقۇنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا قوزغالغان بولۇپ، بۇ 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

لېكىن، خىتاي نۆۋەتتە دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇرغان كرىزىسنىڭ ئالدىدا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى شۇ قېتىملىق كرىزىسنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

خىتايدىكى بۇ كرىزىسنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت كۆرۈلمەستىن ئاياغلىششى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنداقتا، خىتاينىڭ ئىقتىسادى قاچان يىمىرىلىدۇ؟ بەلكىم سىز ئويلىغاندىن خېلىلا بالدۇر بولۇشى مۇمكىن.

تۆۋەندىكىلەر خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ھالاك بولۇشقا ئاز قالغانلىقىنىڭ ئون تۈرلۈك ئالامىتىدۇر.

1 ـ ئالامەت:

يېقىندا، يەنى ئۆي ـ مۈلۈك بازىرى تۇرغۇنلىشىپ قالغان مەزگىلدە، خىتايدىكى بىر چوڭ ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتى تۇنجى قېتىم تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ئەسلى باھاسىدىن ئاتمىش پىرسەنت تۆۋەنلىتىپ سېتىشنى قارار قىلدى.

بۇ خىتاي ئىقتىسادىنى گۇمران قىلىدىغان، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر قەدەمدۇر. چۈنكى، ئىلگىرى باي خىتايلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ قۇرۇق ئۆيلەرنى ساراڭلارچە يۇقىرى باھادا سېتىۋالغانىدى. شۇڭا ئۆي ـ مۈلۈك شىركەتلىرى باھانى تۆۋەنلىتىپ، ئۇلارنىڭ مەبلىغىنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈۋەتكەندە، ئۇلار غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىشىدۇ.

«بىر نەچچە يۈرۈش ئۆي سېتىۋالغان خىتايلار بار. ھازىر بۇلار بىر ئۆيىنى سېتىپ، شۇ ئارقىلىق يەنە بىرىنىڭ رەنە پۇلىنى قايتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەيدۇ ئۆي ـ مۈلۈك ۋاكالەتچىسى ياڭجى. ئۇنىڭ بىر خېرىدارى بۇلتۇر 230 مىڭ دوللارغا بىر ئۆي سېتىۋالغان. ئەمما، ھازىر مەزكۇر باھانى ئاتمىش پىرسەنت تۆۋەنلەتمىسە، ئۆيىنى ساتالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتايدىكى ئىقتىسادىي كۆپۈك يېرىلغاندا، نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنىڭ رېئال ئۆرنەكلىرىدىن بىرى شۇكى، 2018 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، خىتاينىڭ جياڭشى ئۆلكىسىدە، ئۆيلەرنى تولۇق باھادا سېتىۋالغان كىشىلەر يېڭى ئۆي سېتىۋالغۇچىلارغا باھادا 30 پىرسەنت ئېتىبار بېرىلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، غەزەپتىن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتىنىڭ سېتىش ئىشخانىسىغا ھۇجۇم قىلغان.

ئەمما تېخىمۇ كۆپ ئۆي ـ مۈلۈك شىركەتلىرى نەق پۇل جۇغلاش ۋە ۋەيران بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا باھانى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولغاچقا، بۇ خىل باھا چۈشۈرۈش دولقۇنى تېز سۈرئەتتە ئەۋجىگە چىقىشى مۇمكىن.

2 ـ ئالامەت:

2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، خىتاينىڭ پاي بازىرى قىممىتى 27 پىرسەنتتىن كۆپرەك تۆۋەنلىدى، بۇنىڭغا ئىقتىسادىي ئېششىنىڭ ئاستىلىشى، قەرزنىڭ كۆپىيىشى ۋە سابىق ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپ قوزغىغان سودا ئۇرۇشى قاتارلىقلار تەسىر كۆرسەتتى.

هالبۇكى، كەلگۈسىدە شىركەتلەرنىڭ پاي چېكىنى سېتىش دولقۇنى خىتاي بازىرىنى تېخىمۇ چېكىندۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

خىتايدا يۈزلىگەن شىركەتلەر پاي چېكىنى قەرز ئۆچۈن رەنە بۇيۇم ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئەمما، پاي چېكىنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ مەلۇم چەككە يەتكەندە، شىركەتلەر قەرز ھېسابىنى تەكشۈرۈۋېلىشتۇرۇش ئۈچۈن، پاي چېكىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بىلۇمبېرگ ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، تەخمىنەن 4 تىرىلىيون 180 مىليارد يۈەن، يەنى 63 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى پاي چېكى شىركەت خوجايىنلىرى ۋە باشقا ئاساسلىق مەبلەغ سالغۇچىلار تەرىپىدىن قەرز رەنە بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. خىتاي ئاكسىيە تىزىملاش ـ راسچوت شىركىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، بۇ خىتاي پاي بازىرى قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 11 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن.

«چاڭفېڭ ئاكسىيەسى»نىڭ «جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى» گېزىتى تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتايدىكى 600 دىن ئارتۇق شىركەت پاي چېكىنى ساتىمسا بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان.

«خاڭجوۋ جىنشى مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش شېرىكچىلىك كارخانىسى»نىڭ باش مەبلەغ سېلىش مەسئۇلى ۋاڭ شىڭ «جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى» گېزىتىگە مۇنداق دېدى: «بۇ بىر ناچار ئايلىنىش، پاي باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشى ئۇنى نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇشقا (يەنى سېتىشقا) سەۋەب بولىدۇ. نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇش پاي باھاسىنىڭ تېخىمۇ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولىدۇ».

تەھلىلچىلەر «بۇ يۈزلىنىش بەلكىم بۇ يىل خىتاي بازىرىدا كۆرۈلگەن شىددەتلىك تۆۋەنلەشنى تېخىمۇ ئەدىتىۋېتىشى مۇمكىن» دەپ قاراشماقتا.

3 ـ ئالامەت:

خىتايدىكى مىليونېرلارنىڭ ئەللىك پىرسەنتى چەتئەلگە كۆچۈشنىڭ كويىدا، چۈنكى ئۇلار ھۆكۈمەتتىن ياكى ئىقتىسادىي كۆپۈكتىن خاتىرجەم ئەمەس. بۇنىڭدىن سىرت، خىتايدىكى مۇھىت بۇلغىنىشى چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتتى. شۇنداقلا، خىتاي بايلار بالىلىرىنى ئېنگلىز تىلىدا تەربىيەلەشنى ئويلايدۇ.

**4 ـ ئالامەت:**

دۇنيادىكى سوممىسى ئەڭ يۇقىرى ئۆي ـ مۈلۈك سودىسىدا 5 مىليارد 500 مىليون دوللار تۆلىگەن دەرىجىدىن تاشقىرى باي خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلار سېتىۋالغان ئۆيلىرىنى قەۋەتمۇ قەۋەت ساتماقتا، مەنچە بۇ كۆپۈك يېرىلىشتىن ئىلگىرى پۇلنى تىرىلدۈرۈۋېلىش ئۇرۇنۇشىدۇر.

**5 ـ ئالامەت:**

خىتايدىكى بىر قىسىم غوللۇق ئۆي ـ مۈلۈك شىركەتلىرى ۋەيران بولدى. زور سوممىلىق قەرزگە بوغۇلغان بۇ شىركەتلەر خىتاي بانكا سىستېمىسىغا ئەڭ چوڭ تەھدىت ئېلىپ كەلدى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ بانكا سىستېمىسى ئۆتكەن بىر قانچە يىلدىكى ئېششىتا، باشقا ھەرقانداق سىجىل تەرەققىيات مېتودلىرىدىن بەكرەك، سايە بانكچىلىق ۋە ئىككىلەمچى قەرزگە تايانغانىدى. خىتايدىكى ئۆي ـ مۈلۈك شىركەتلىرىنىڭ قەرزى ئېغىر، يەنە كېلىپ كۆپىنچىسى قىسقا مۇددەتلىك بولغاچقا، بۇ قەرزلەرنى قايتۇرۇشتىكى باش قېتىنچىلىقى خىتاي شىركەتلىرىنى (قەرز قايتۇرۇش ئۈچۈن تەكرار قەرز ئېلىش، نەتىجىدە بارغانسېرى قەرزگە بوغۇلۇپ، ئاخىرىدا ۋەيران بولۇشتىن ئىبارەت) يەنە بىر ناچار ئايلىنىشقا سۆرەپ كىرىدۇ.

**6 ـ ئالامەت:**

خىتاينىڭ ناچار قەرزى (bad loans) تېز ئاشماقتا. خىتاينىڭ گەردىنىدىكى 35 تىرىليون دوللارلىق ئاممىۋى ۋە شەخسىي قەرز دۇنيا ئىقتىسادى ئۈچۈن غايەت زور خەۋپتۇر. 2008 ـ يىلى، خىتاينىڭ ئومۇمىي قەرزى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 141 پىرسەنتىگە توغرا كېلەتتى. 2018 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بۇ نىسبەت 300 پىرسەنتكە چىقتى. بۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنداق كۆپ قەرز ئالغان دۆلەتلەر ئادەتتە قاتتىق ئىقتىسادىي چېكىنىشكە دۇچ كېلىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن ھەممەيلەن، جۈملىدىن ئاكادېمىكلار، خۇسۇسىي بانكىلار، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى، خەلقئارا راسچوت بانكىسى ۋە خىتاي خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلار بۇ جەھەتتە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتى.

**7 ـ ئالامەت:**

خىتايدا ئىستېمالچىلار قەرزىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ 39 پىرسەنتكە چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئىستېمالچىلار قەرزى كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان سەۋىيىگە يەتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇزۇن مۇددەتنى نەزەردە تۇتقاندا، ئىقتىسادىي ئېشىش چوقۇم ئىستېمالچىلار تەرىپىدىن يېتەكلىنىشى كېرەك. لېكىن، مەسىلە شۇكى، خىتايدىكى ئائىلە قەرزىنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى، نورۋېگىيەدىن باشقا بارلىق دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى.

گەرچە بەزىلەر خىتاي پۇقرالىرىنىڭ قەرزىنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى كىرىمگە بولغان نىسبىتىنىڭ ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرى (خىتاينىڭ 118 پىرسەنت، ئامېرىكانىڭ 104 پىرسەنت) ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەرز قايتۇرۇش نىسبىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ئىستېمالچىلارنىڭ تېخىمۇ قىممەت قەرز ئېلىش مېتودىنى قوللانغانلىقىنى، يەنى كرېدىت كارتىسى ئىشلەتكەنلىكى ياكى قىسقا مۇددەتلىك قەرز ئالغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ نىسبەت داۋاملىق ئېشىشى مۇمكىن.

8 ـ ئالامەت:

تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆز دوكلاتىدا ئاگاھلاندۇرۇشىچە، ۋاشىڭتون بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئۇرۇشىنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىشى، جۈملىدىن پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرى ياكى سودىغا قارىتىلغان جازا خىتايدا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

«خىتاي خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى» دۆلەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەتقىقات ئورنى ئېلان قىلغان تەتقىقات دوكلاتىدا، ئامېرىكا سودا ئۇرۇشىدا خىتاينىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىنى، پۇل مۇئامىلە مۇلۇكلىرىنى ۋە خىتاي پۇلىنى چەكلەش، ھەتتا تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىش ئۈچۈن قوللىنىشى مۇمكىن بولغان ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك بىر قاتار تەدبىرلەر كۆرسىتىلگەن.

9 ـ ئالامەت:

خىتايدىكى بارغانسېرى ئەدەۋاتقان ئىشسىزلىق كرىزىسى.

خىتاي دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنى پەۋقۇلئاددە ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. ھەتتا، نۆۋەتتە خىتاينىڭ (ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان) ئىنتېرنېت ساھەسىمۇ چېكىنىش ھالىتىدە تۇرماقتا. خىتاينىڭ بەيدۇ، ئەلى بابا ۋە تېڭشۈن قاتارلىق يەن ـ تېخنىكا شىركەتلىرى خىزمەت

ئىزدىگۈچىلەر ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش ئىدى، ئەمما «ئەلى بابا» شىركىتىنىڭ مەكتەپلەردىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىش سالمىقىنى تۆۋەنلەتكەنلىك خەۋىرى توردا غۇلغۇلا قوزغىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەيدۇ ۋە جىڭدوڭ شىركىتىنىڭ جەمئىيەتتىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىشنى توختاتقانلىقى ۋە تېڭشۈننىڭ تەخمىنەن 6000 خىزمەتچىسىنى ئىشتىن بوشاتقانلىقى توغرىسىدا گەپ ـ سۆزلەر مەۋجۇت. گەرچە، مەزكۇر شىركەتلەر بۇ گەپنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، ئادەم كۆچى بايلىقى ساھەسىدىكى تەتقىقات سانلىق مەلۇماتلىرى باشقىچە بىر ھېكايىنى بايان قىلماقتا.

مەلۇم بىر خىزمەتچى قوبۇل قىلىش سۇپىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 2018 ـ يىلىنىڭ ئۈچىنچى پەسلىدە، خىتاينىڭ ئىنتېرنېت ساھەسىدىكى خىزمەتچى ئىزدەش ئېلانلىرىنىڭ سانى 2017 ـ يىلىدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 51 پىرسەنت ئازايغان. بۇ مەزكۇر ساھەدىكى ئېھتىياجنىڭ ئۇدا ئىككىنچى پەسىل تۆۋەنلىشى بولۇپ، خىزمەت ئورنىنىڭ ئازىيىشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن خېلىلا يۇقىرى بولغان.

ئىنتېرنېت ساھەسىدىكى خادىم قىسقارتىش ئەھۋاللىرى نىسبەتەن روشەن بولسىمۇ، ئەمما ياسىمىچىلىق ساھەسىدىكى زور كۆلەملىك خادىم قىسقارتىش ئەھۋالى كىشىلەرنىڭ يېتەرلىك دىققىتىنى قوزغىمىدى. خىتاينىڭ ياسىمىچىلىق ساھەسىدە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان بىر قاتار ئىشقا ئورۇنلىشىش كىرىزىسىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلمەكتە.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ۋاكالىتەن ئىشلەپچىقىرىش ماگناتى فوكسكون (Foxconn) 2019 ـ يىلى دۇنيا مىقياسىدا 340 مىڭ خىزمەتچىنى قىسقارتىپ، چىقىمنى 20 مىليارد يۈەن، يەنى ئۈچ مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئازايتماقچى بولغان.

خىتايدىكى باشقا ساھەلەردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ۋاستىچىلىك كەسپىنىڭ يېرىم يىللىق دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، توققۇز ۋاستىچى شىركەت 4186 خىزمەتچىسىنى ئىشتىن بوشاتقان. بۇنىڭدىن سىرت، ھەريىلى يېڭى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سان ـ ساناقسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت بازىرىغا ئېقىشىغا ئەگىشىپ، ئومۇمىي ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى ئېنىق. يېقىنقى يىلارنىڭ قارىغاندا، خىتايدىكى ئىشسىزلىق خەۋپى كۈنسېرى كۈچىيىپ، ئىشسىزلىق نىسبىتى خەتەرلىك سەۋىيىگە يېقىنلاشتى.

10 ـ ئالامەت:

تەھلىلچىلەر «خىتاي ئىقتىسادى مۆلچەردىكىدىن تېز چېكىنىۋاتىدۇ، ئەمما ئەڭ ناچار ئەھۋال تېخى يېتىپ كەلمىدى» دېيىشمەكتە.

خىتاي «دۆلەتلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسى»نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 2018 ـ يىلى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 28 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6.6 پىرسەنت ئېشىپ، ئالدىنقى يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 0.2 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن.

ئالدىنقى قېتىم ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بۇ قەدەر تۆۋەن بولغان ۋاقىت 1990 ـ يىلى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا «تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى»دىن كېيىن خىتاينىڭ ئىقتىسادى تۆۋەنلىگەن ئىدى، ئەگەر سىز 2018 ـ يىلنى خىتاي ئىقتىسادى ئۈچۈن خىرىس دەپ قارىغان بولسىڭىز، شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللار تېخىمۇ ناچار بولۇشى مۇمكىن.

ماڭا ئايانكى، نۆۋەتتە خىتاينىڭ ۋەزىيىتى ئالدىنقى قېتىملىق ئىقتىسادىي كرىزىستىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ ناچار. ھازىر ۋەزىيەت كېيىنكى قېتىملىق ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ شەپىسىدۇر. ئەمما، كۆپ ساندىكى خىتايلار بۇ ۋەزىيەتتىن بىخەۋەر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.youtube.com/watch?v=bKHyqO72oAo

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2021-يىلى 6 – ئاينىڭ 28 – كۈنىدىن 7 – ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە)

## ئايلىق خەۋەر

**(2021 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن، 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە)**

### ئەنگلىيە مۇسۇلمانلىرى خىتاينى لەنەتلىدى

ئوتتۇرا شەرقنىڭ كۆزى تورىنىڭ 1 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1 ـ ئىيۇل كۈنى ئەنگلىيە پايتەختى لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا يۈزلەرچە كىشى خىتايغا قارشى نامايىش قىلغان. نامايىشچىلار ئەنگلىيە مۇسۇلمانلىرىدىن تەشكىلپ تاپقان بولۇپ، نامايىشقا يەنە ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان ئاز سانلىق ئۇيغۇرلارمۇ قاتناشقان. ئەنگلىيە مۇسۇلمانلىرى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا يۈز يىل بولغان بۇ كۈندە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قانلىق باستۇرۇشىغا ۋە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى لەنەتلىگەن. ئىگىلىنىشىچە، بۇ نامايىش ئەنگلىيەدىكى ئەللىكتىن ئارتۇق مۇسۇلمان تەشكىلاتلار ۋە ئورگانلار تەرىپىدىن بىردەك ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىكەن.

### پاكىستان باش مىنىستىرى خىتاينى قوللىدى

ئەلجەزىرە قانىلىنىڭ 2 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، پاكىستان باش مىنىستىرى ئىمرانخان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە خىتايدىكى بىر پارتىيىلىك تۈزۈمنىمۇ ماختاپ، بۇنى دېموكراتىك كۆپ پارتىيىلىك سايلام تۈزۈمىگە سېلىشتۇرغاندا ئەۋزەللىككە دېدى.

ئىمرانخان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى ھەققىدە مۇنۇلارنى ئېيتقان:«شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار غەرب مېدىياسى ۋە غەرب ھۆكۈمەتلىرى دەۋاتقىنىدىن پەرقلىقتۇر.»

### فرانسىيە تۆت شىركەتنى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىقى بار دەپ تەكشۈرمەكتە

فرانسيه 24 قانىلىنىڭ 2 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، فرانسيه تەپتىش ۋە سوتچىلار ئالىي مەھكىمىسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىگە ھەمدەم بولۇش گۇمانىنى قوزغىغان تۆت شىركەت ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى باشلىغان. بۇ تۆت شىركەت شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق دەپ گۇمان قىلىنماقتا ئىكەن. تەكشۈرۈلۈشكە دۇچ كەلگەن شىركەتلەردىن بەزىلىرى ئۆزىنىڭ فرانسيه ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە ئىش قىلغانلىقىنى، ئۆزى ئۈستىدىكى ئەيىبلەشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.

## سەرگەردانلىقتىكى ئۇيغۇر خەلقى خىتايغا قارشى نامايىشتا

2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل كۈنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىرغىن قىلغان «ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى» يۈز بەرگەن كۈندۇر. بۇ يىل بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ئون بىر يىللىق خاتىرە كۈنى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ بۇ قىرغىنچىلىقىغا قارشىلىقىنى ئىپادىلەش، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، خىتايغا قارشى كۈچ كۆرسىتىش مەقسىتىدە خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى. 5 ـ ئىيۇل ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش نامايىشى تۈركىيە، كانادا، ياپونىيە، نورۋېگىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلدى.

## بىلىنكىن شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر شاھىتلىرى بىلەن كۆرۈشتى

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ 6 ـ ئىيۇل ئېلان قىلغان باياناتىدا، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلىنكىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدىن ھايات قالغان يەتتە نەپەر ئۇيغۇر شاھىت، پائالىيەتچى ۋە لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلارنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. بىلىنكىن شاھىتلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئامېرىكانىڭ ئۆز ئىتتىپاقداشلىرى ۋە شېرىكلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىشقا چاقىرىق قىلىش ۋەدىسىنى ئىپادىلىگەن. باياناتتا يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ ۋەھشىيلىكلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان لاگېر شاھىتلىرى، پائالىيەتچىلەر ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى داۋاملىق قوللايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋاشىنگتوننى خىتاي توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشقا دىققەت قىلىشقا چاقىردى

ئامېرىكا ئاۋازى تورىنىڭ 7 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكانىڭ مەلۇم بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئاخبارات ئەمەلدارى سىياسەت تۈزگۈچىلەرنىڭ ۋە قانۇن چىقارغۇچىلارنىڭ خىتاي ئېلىپ كەلگەن تەھدىتكە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ھىندى ـ تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى دېرېكتورى مايكېل ستۇدېمەن (Michael Studeman) ئوخشاشلا نۆۋەتتە ئامېرىكانىڭ خىتاي شەكىللەندۈرۈۋاتقان تەھدىتلەرگە يېتەرلىك رەۋىشتە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكادىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇرۇشنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىسىمۇ، ئەمما خىتاي ئامېرىكادىن ئېشىپ چۈشۈپ، دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، گېزى كەلسە ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ يانماسلىقى مۇمكىن ئىكەن.

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىتايدىكى قانۇنسىز ئورگان يىغىۋېلىشقا كۆڭۈل بۆلدى

فوربىس تورىنىڭ 8 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، بىر تۈركۈم ب د ت مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلىرى بۇ يىل 6 ـ ئايدا خىتايدىكى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرى، ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، مۇسۇلمانلار ۋە خرىستىئانلار قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت توپىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ئورگان يىغىۋېلىش توغرىسىدىكى ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان مۇتەخەسسىسلەر مەھبۇسلاردىن ئەڭ كۆپ ئېلىۋېلىنىغان ئورگانلارنىڭ يۈرەك، جىگەر ۋە مۈڭگۈز پەردىسى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. مەزكۇر تەتقىقاتچىلەر خىتايدا سادىر بولىۋاتقان بۇ خىل قىلمىشلارغا خاتىمە بېرىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

## ئامېرىكا ئون تۆت خىتاي شىركىتىنى ئىقتىسادىي ئىمبارگو تىزىملىكىگە كىرگۈزدى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 9 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، بايدىن ھۆكۈمىتى جۈمە كۈنى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش جىنايىتى بىلەن خىتايدىكى ئون تۆت شىركەت ۋە باشقا ئورۇنلارنى ئىقتىسادىي ئىمبارگو تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن. سودا تارماقلىرى بۇ شىركەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش، يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىمبارگو ئامېرىكادىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ خىتايدىكى

مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئەيىبلەنگەن بەش شىركەت ۋە ئۇرۇننى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈش قارارىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن شىركەتلەر ئارىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن مۇھىم سانىلىدىغان بەزى شىركەتلەرمۇ مەۋجۇت ئىكەن.

## ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دېدى

بلۇمبېرگ ئاگېنتلىقىنىڭ 13 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى يېقىندا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇشلىرىنى دۇنيادىكى ئالتە ئورۇندىكى باستۇرۇشلاردىن بىرى دەپ جاكارلىغان ۋە خىتاينىڭ قىلمىشىنى ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەت دېگەن.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى بۇ ھەقتىكى دوكلاتىدا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئىشلەشكە ئېنىقلىما بېرىپ، «ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەت — تۈرمىگە قاماش، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىشتۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

ئالتە بەتلىك بۇ دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى جازالاش ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ خىتايغا ئەمبارگو يۈرگۈزۈش، ۋىزا چەكلىمىسى قويۇش، ئېكسپورتىغا چەكلىمە قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ بۇ دوكلاتىدا يەنە بېرما، ئېفئوپىيە، ئىراق، سۈرىيە ۋە جەنۇبىي سۇداندىكى باستۇرۇشلارمۇ تىلغا ئېلىنغان.

## مايك پەنس بايدېنغا چاقىرىق قىلدى

ئامېرىكا فوكس خەۋەرلەر تورىنىڭ 15 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ سابىق مۇئاۋىن پرېزىدېنتى مايك پەنس 14 ـ ئىيۇل ئامېرىكا مىراس فوندىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، ئامېرىكانىڭ نۆۋەتتىكى پرېزىدېنتى جو بايدېنغا خىتاپ قىلىپ، خىتاي Covid ـ 19 يۇقۇملۇق ۋىرۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرمىگەن، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى توختاتمىغان تەقدىردە، پرېزىدېنت بايدېننى 2022 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بىكار قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشقا چاقىردى.

بايدېننىڭ خىتاي سىياسىدە بوش كېلىپ قالغىنىنى قەيت قىلغان پەنس «ئولىمپىك مۇسابىقىلىرى كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەمىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىدىغان دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلىشى كېرەك» دېدى.

## ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدا شەرقىي تۈركىستان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەش قانۇن لايىھەسى ماقۇللاندى

ب ب س خەۋەر قانىلىنىڭ 16 ـ ئىيۇلدا ئېلان قىلغان خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى خىتاي ئېكسپورت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مەھسۇلاتلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان دېگەن سەۋەب بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىغان.

ئامېرىكا ئالدىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا ۋە شوخلىنىمۇ مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەن.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ قانۇن ئارقىلىق ئامېرىكا دۆلەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېزىلىشىدە خىتايغا ھەمدەمدە بولغان شىركەت ۋە كارخانىلارنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدىكەن.

مەزكۇر خەۋەردە ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيونىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان:«بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىگە كۆز يۇمۇۋالمايمىز. كارخانىلارنىڭ بۇ خىل قورقۇنچلۇق دەپسەندىچىلىكلەر سايىسىدە پايدا ئېلىشىغا يول قويمايمىز.»

## ئۇيغۇر ئوغلانى كانادادا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پىيادە يۈردى

كانادادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئوغلانى بىلال مالىك خىتايغا بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلەش، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىشىغا قارشى خەلقئارا جامائەت ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ سەزگۈرلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە كانادانىڭ تورونتو شەھرىدىن كانادا پايتەختى ئوتتاۋاغا قاراپ پىيادە يۈرۈش قىلدى. ئۇيغۇر

ئوغلانى بىلال مالىك 4 ـ ئىيۇل كانادانىڭ تورونتو شەھرىدىن كانادا پايتەختى ئوتتاۋاغا قاراپ پىيادە يولغا چىققان بولۇپ، فىسبۇكتا ئېلان قىلىنغان باياناتىدا ئۇ بەش يۈز كىلومېتىرغا يېقىن بۇ مۇساپىنى پىيادە يۈرۈشتىكى مەقسەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن:

5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 12 يىللىقىنى خاتىرلەش، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغانلىقىدەك سىياسىي غايىسىنى دۇنياغا بىلدۈرۈش، خىتاينىڭ ئەزىز مىللىتىمىزگە يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە قاتتىق نارازىلىقىمنى بىلدۈرۈش ۋە ئالدىمىزدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىش، شۇنداقلا ئۆزۈم ياشاۋاتقان كانادا دۆلەتلىك پارلامېنتىنىڭ «ئۇيغۇر (ئىرقىي) قىرغىنچىلىقى»نى ئېتىراپ قىلغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن كانادا ھۆكۈمىتىنى پارلامېنتنىڭ قارارىغا ئاساسەن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە، ھەمدە دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇيغۇر پاناھلىق تىلىگۈچىلەرگە ئىگە چىقىشقا چاقىرىش مەقسىتىدە 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى (يەكشەنبە) كانادانىڭ تورونتودىن شەھرىدىن كانادانىڭ پايتەختى ئوتتاۋاغا 15 كۈنلۈك پىيادە مېڭىش ھەرىكىتىنى باشلىماقچىمەن.

ئۇيغۇر ئوغلانى بىلال مالىكنىڭ بۇ قېتىملىق يۈرۈشى ئون بەش كۈن داۋاملاشقان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بارچە ۋەتەنسۆيەر ئۇيغۇرلار بىلال مالىكنىڭ بۇ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

### خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقاتى سەۋەبلىك، تۈرك جامائەتچىلىكىنىڭ لەنىتىگە قالدى

خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكى 20 ـ ئىيۇل قۇربان ھېيت كۈنى ئۆزىنىڭ تىۋىتتىر سەھىپىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خۇشال ھالدا ھېيت تەكبىرىكلەۋاتقانلىقىغا ئائىت ساختا تەشۋىقات ۋىدىيوسى ئېلان قىلغان. خىتاي باش ئەلچىلىكى مەزكۇر ۋىدىيونى «20 ـ ئىيۇل كۈنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى قۇربان ھېيتنى تەبرىكلەش ئۈچۈن توپلاندى» دېگەن ئىلاۋە بىلەن ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي مەزكۇر ساختا تەشۋىقات ۋىدىيوسىدا ئولتۇرغان ھالەتتە ناغرا سۇناي چېلىۋاتقان، يۇمىلاق بولۇپ چۆرۈدەپ قالايمىقان پىرقىراۋاتقان بىرەر يۈزدەك ئۇيغۇرنىڭ ھېيت تەبرىكلەۋاتقانلىقى تەسۋىرلىمەكچى بولغان.

خىتاينىڭ بۇ ساختا تەشۋىقات ۋىدىيوسىنى بىر كۆرۈپلا بايقىۋالغان تۈرك تورداشلار مەزكۇر تېمىنىڭ ئاستىغا يۈزلەرچە ئىنكاس يازغان، ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىشى بۇ ساختا تەشۋىقات ۋىدىيوسىنى باھا يېزىپ ھەمبەھىرلىگەن.

مەزكۇر ۋىدىيوغا چۈشكەن ئىنكاسلار ۋە باھالار بۇ ۋىدىيونىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي رەۋىشتە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئوچۇق ئىسپاتى ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىرقىي

قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلارنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە باستۇرۇۋاتقانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى چۆرىدىگەن بولۇپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىدىن خەۋەردار تۈرك تۋىتېر ئابونتلىرى خىتاينى بۇ خىل قىلمىشلىرى سەۋەبلىك بەس ـ بەس بىلەن قاتتىق ئەيىبلىگەن ۋە بولۇشىغا لەنەتلىگەن.

نەتىجىدە، تۈركىيە خەلقىگە ئۇيغۇرلارنى «بەختلىك رەۋىشتە ھېيت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ» قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ يالغان تەشۋىقات قىلغان خىتاي مەقسىتىگە يېتەلمەي شەرمەندە بولغان.

## چەتئەل كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان خىتاي شىركەتلىرى ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات قىلماقتا

ۋال كوچىسى ژۇرنىلىنىڭ 20 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئالما شىركىتى بىلەن نايك شىركىتىنى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدىغان، شۇنداقلا ئامېرىكىدا سېتىلىدىغان باشقا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان خىتاي كارخانىلىرى ئۇيغۇر ئىشچىلارنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. يېقىنقى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە قارىتا تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىدىكى ئالما ۋە باشقا شىركەتلەرنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق سىزىمچان ئېكران بىلەن تەمىنلەيدىغان خىتايدىكى لېنزا تېخنىكا چەكلىك شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئۇيغۇر ئىشچىلارنى ئىشلىتىشنى توختاتقان. خەۋەردە يەنە ئامېرىكىدا مەھسۇلاتلىرى سېتىلىدىغان خۇبېي خەيشىن قوغداش مەھسۇلاتلىرى گورۇھىنىڭمۇ نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئىشچىلارنى ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## ياپونىيە مەتبۇئاتلىرىدا خىتايغا قارشى سادا

ياپونىيە ئالغا تورىنىڭ 21 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە يادرو تەھدىتى 1964 ـ يىلىدىكى توكيو ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن بايقۇت قىلىنغان 1980 ـ يىلدىكى موسكۋا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئەسلىتىدىكەن. خەۋەردە دېيىلىشىچە، خىتاينىڭ يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بارغان يادرو سىناقلىرى كىشىلەرنىڭ يىتەرلىك دىققىتىنى تارتىشى كېرەك ئىكەن. خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ لوپنۇردا ئەللىك قېتىم يادرو سىنىقى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، رادىيو ئاكتىپ ماددىلارنىڭ

رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سالامەتلىكىگە بولغان تەسىرى  خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئېزچىل دەرىجىدە مەخپىي تۇتۇلغان. خەۋەردە يەنە ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىتايدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىشى، شۇنداقلا 2022-يىللىق خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشى كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنغان.

## كوداك شىركىتى خىتايغا باش ئەگدى

نيويورك ۋاقتى گېزىتىنىڭ 21-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكانىڭ دۇنياغا مەشھۇر كوداك شىركىتى يېقىندا ئۆزىنىڭ ئىنستاگرام سەھىپىسىدە شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار سۈرەتلەرنى تارقاتقان. بۇ سۈرەتنى تارتقان كىشى فرانسىيەلىك فوتوگراف پاترىك ۋاك (Patrick Wack) بولۇپ، ئۇ سۈرەتلەرگە يازغان ئىزاھاتىدا ئۆزى تارتقان بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئورۋېل تەسۋىرلىگەن بيۇكراتلىق سېستىمىسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغانلىقىنى قەيت قىلىنغان. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا تارتقان بىر تۈركۈم رەسىملەر ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك چۈشەندۈرۈشى بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي قوللىغۇچىلىرىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىغان. نەتىجىدە، كوداك شىركىتى مەزكۇر تېمىسىنى ئۆچۈرگەن ۋە خىتايدىن كەچۈرۈم سورىغان. كوداك شىركىتىنىڭ بۇ قىلمىشى غەرب جامائەتچىلىكىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان. ئىگىلىنىشچە، ۋاك ئەپەندى شەرقىي تۈركىستاندا 2016-يىلدىن 2019-يىلغىچە تارتقان سۈرەتلىرىنى كىتاب شەكلىدە نەشر قىلغان ئىكەن.

## ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم چوڭ شىركەتلەر نومۇسسىزلىق بىلەن ئەيىبلەندى

فوكس خەۋەرلەر تورىنىڭ 27-ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئاركاناس جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى توم كوتۇننىڭ (Tom Cotton) خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋاب بەرگەن كوكاكولا، ۋىسا قاتارلىق شىركەت ۋەكىللىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئەيىبلەشنى رەت قىلغان. توم كوتۇن ئەپەندى Visa, Protecter & Gamble, Intel قاتارلىق شىركەت ۋەكىللىرىدىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى توغرىسىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قارارىغا قوشۇلىدىغان ياكى قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىغان بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەسلىكىنى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەل قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

خەۋەردە دېيىلىشىچە، توم كوتتون مەزكۇر شىركەتلەرنىڭ بۇ قىلمىشىنى نومۇسسىزلىق دەپ ئاتىغان تىلغا ئېلىنغان.

## ماھىرلىرىدىن مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق شىركەتلەر بىلەن توختام ئىمزالىماسلىق تەلەپ قىلىنىدى

سىياسەت خەۋەرلەر تورىنىڭ 29-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر NBA ۋاسكېتبولچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق بولغان كىيىم-كېچەك شىركىتى ئانتا ۋە لىنىڭ بىلەن بولغان توختامنى ئىمزالىماسلىقنى تەلەپ قىلغان. ئاۋام پالاتا ئەزاسى سكوت پېررى (Scott Perry) سىياسەت تورىغا قىلغان سۆزىدە NBA ماھىرلىرىنىڭ بۇ توختامنى ئىمزالىسا بولمايدىغانلىقى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەكتىن نەپكە ئېرىشىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، NBA بىلەن ئانتا، لىنىڭ ۋە باشقا ئۆچىنچى خىتاي شىركىتى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى ئىككى پارتىيىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلمەكتە ئىكەن.

## خىتاي ئافغانىستاندىن ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن تالىباننىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلدى

ئامېرىكىدا چىقىدىغان ھەپتىلىك خەۋەرلەر تورىنىڭ 29-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلىشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى (Wang Yi ) چارشەنبە كۈنى تالىبان رەھبىرى موللا ئابدۇلغېنى برادەر بىلەن تيەنجىندە كۆرۈشكەن ۋە تالىباننى ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشتىكى ۋە تىنچلىق مۇساپىسىدىكى مۇھىم سىياسىي ھەربىي كۈچ دەپ ماختىغان. ۋاڭ يەنە ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى تېررورلۇق تەشكىلاتى دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، تالىباننىڭ بارلىق تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىدىن، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىدىن چەك-چېگرانى تولۇق ئايرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇچرىشىش جەريانىدا تالىبان رەھبىرى خىتاينى ئىشەنچلىك دوستىمىز دەپ ئاتىغان ۋە ھەرقانداق تەشكىلاتنىڭ ئافغانىستان زېمىنىدىن پايدىلىنىپ خىتايغا زىيان يەتكۈزۈشكە يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## ھىلتون شىركىتى مەسجىد ئورنىغا مېھمانخانا سالماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇلدى

**رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 30 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكىدىكى دېموكراتلار ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن بولغان بىر كومىتېت شەرقىي تۈركىستاندىكى چېقىۋېتىلگەن بىر مەسچىتنىڭ ئورنىغا مېھمانخانا سېلىۋاتقان ھىلتون شىركىتىنى بۇ تۈر بىلەن بولغان باغلىنىشنى ئۈزۈشكە چاقىرغان. دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى جېف مېركلي (Jeff Merkley) ۋە جىم ماكگوۋرن (Jim McGovern) پەيشەنبە كۈنى ھىلتون شىركىتى رەئىسى ۋە باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى كرىستوفر ناسېتاغا (Christopher Nassetta) خەت يېزىپ، ھىلتوننىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەندە چېقىۋېتىلگەن مەسچىتنىڭ ئورنىغا مېھمانخانا سېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەردىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەلۇم بولۇشىچە، ھىلتون شىركىتى بۇنىڭغا ئىنكاس بىلدۈرمىگەن.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## رويس ۋايت

ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۈيغۇرلارنى قوللاپ كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىققان ۋاسكىتبول چولپىنى رويس ۋايت ئەپەندى



ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
2:13
بەزىلەر نەفسى خاھىشى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، بەزىلەر خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى بۇنىڭ پەرقىنى ھەر زامان ئۆزۈنغا قالماي پەرق ئېتىپ كەلدى.